[ئېكسپېدىتسىيە ۋە بايقاشلار]

# يىراق قىرلار

تيەنيا يۈزى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى بۆلۈم گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سەپەر ......... 1
بىرىنچى باب شىئەندىن لەنجۇغىچە ......... 3
1. شەنشى ـ گەنسۇ يولىدا ......... 3
2. پىڭلياڭغا نەزەر ......... 5
3. ليۇپەنشەن تېغىدىن ئۆتۈش ......... 6
4. چوڭ يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى خارابىلىك ......... 6
5. دىڭشى ئەتراپىدا ......... 7
6. خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى لەنجۇ ......... 9
ئىككىنچى باب جاڭيېغا قاراپ ئىلگىرىلەش ......... 11
1. قەدىمكى ئىچكى كۆلنىڭ ئىزى ......... 11
2. يۇڭدىڭ (پىڭفەن) نىڭ ئۆتمۈشى ......... 12
3. ۋۇۋېي ۋە يۇڭچاڭ ......... 13
4. سەددىچىنىنىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەر ......... 16
5. جاڭيې (قەدىمكى گەنجۇ) نىڭ قىياپىتى ......... 17
6. جاڭيېدىكى ئاھالىلەر ......... 24
7. لاما ئىبادەتخانىسىغا زىيارەت ......... 25
ئۈچىنچى باب جيايۇگۇەنگە بېرىش ......... 35
1. سەنخېدىن لىنزېغىچە ......... 36
2. باي گاۋتەي شەھىرى ......... 39
3. قەدىمكى تاشلاندۇق شەھەر — «تۆگە شەھىرى» ......... 40
4. يەنچى ئۆتىڭى ......... 42

5. لىنشۈي ئۆتكىنىڭ گۈگۈمدىكى مەنزىرىسى ... 43

6. سەددىچىنىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى تۇنجى قەدىمىي شەھەر— جيۇچۈەن ........................................ 44

7. جىنتا (ئالتۇن مۇنار) غا سەپەر ................ 53

8. قارا زاڭزۇلار ........................................ 58

9. جيايۇگۈەننىڭ ئۇستىدە ................................ 59

**ئىككىنچى بۆلۈم سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى سەپەر... 63**

**بىرىنچى باب جيايۇگۈەن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا ............ 65**

1. خەير - خوش، جيايۇگۈەن ........................ 65

2. قوۋۇق سىرتى ........................................ 67

3. قۇملۇقتىكى ئاجايىپ مەنزىرە .................... 69

4. چىچىنباۋ (قىزىل قەلئە) دىن ئۆتۈش .......... 70

5. خۇاخەيزى ............................................ 72

**ئىككىنچى باب باھار شامىلى يۈمېنگۈەندىن ئۆتمەيدۇ ......... 75**

1. يۈمېندىكى قەدىمىي يادىكارلىقلار .................. 75

2. سوغۇق چۆللۈك .................................... 77

3. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ جەننىتى — بۇلۇڭجى ... 77

4. قۇملۇقتىكى ئالۋۇن .................................. 80

5. بورانلىق شەھەر — ئەنشى ........................ 80

**ئۈچىنچى باب «كىچىك بېيپىڭ» دەپ ئاتالغان دۇنخۇاڭ...... 82**

1. دۇنخۇاڭ سەپىرى .................................. 82

2. مىڭئۆيلەرگە زىيارەت ............................ 87

3. سېھىرلىك يۆيا كۆلى ................................ 94

**تۆتىنچى باب ئەنشىدىن گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىغا بېرىش ... 99**

1. يولغا چىقىشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق .............. 99

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. قارا دەشت ................................................ 104
3. سىياۋزى ................................................ 105
4. چاڭقاپ ھالىدىن كەتكەن يولۇچى .................. 106
5. بەيتازى ................................................ 108
6. خوڭلىيۇيوەن ۋە داچۇەن .............................. 110
7. چىگرىغا نەزەر .......................................... 111

ئۈچىنچى بۆلۈم شىنجاڭغا سەپەر ...................... 113
بىرىنچى باب شىخشىخشىيادىن قۇمۇلغىچە .............. 115
1. تەبىئىي ئىستراتېگىيىلىك جاي — شىخشىخشىيا...... 115
2. قۇملۇقنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى ...................... 118
3. كۇشۇي ۋە يەندۇن ...................................... 119
4. چاڭلىيۇشۇي ............................................ 122
5. خۇاڭلۇگاڭ .............................................. 123
6. غەربىي شىمالدىكى جەننەت — قۇمۇل ................ 125
ئىككىنچى باب تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۈرۈمچىگە بېرىش... 140
1. شەنشىلىك سودىگەرلەر .................................. 140
2. ئاتەش ئويمانلىق — ئاستانە ........................... 143
3. ئۆردەكبۇلاقتىكى «تىرىك قۇدۇق» ....................... 144
4. بوغدا تېغىنىڭ دەھشەتلىك قارا بورىنى ............... 145
5. قەدىمىي يۇلغۇنلۇق ...................................... 146
6. يەتتىقۇدۇق .............................................. 147
7. خەتەرلىك تەڭرىتاغ ئېغىزى ............................ 148
8. ئايدىڭدا تەڭرىتاغدىن ئۆتۈش ......................... 150
9. تۈن نىسپىدە مورىغا بېرىش ............................ 151
10. خارابىلىككە ئايلانغان كونا شەھەر .................. 154

11. غەربىي شىمالدىكى چوڭ شەھەرنىڭ بىرى— گۆچۆك ........................... 155
12. كۆككە تاقاشقان بوغدا چوققىسى ........................... 159
13. فۇيۈەن، سەنتەي ۋە فۇكاڭ ........................... 159
14. ئۈرۈمچىگە نەزەر ........................... 161
**ئۈچىنچى باب چۆچەك سەپىرى ........................... 166**
1. سانجى يولىدا ........................... 166
2. سازلىق رايون ........................... 168
3. ماناس ۋە ماناس دەرياسى ........................... 169
4. پېشىلسۇ يولىدىكى ئىشلار ........................... 170
5. مۇھىم بازار — قاراسۇ ........................... 171
6. كۇيتۇن دەرياسىدا يۇيۇنۇش ........................... 172
7. جەزىرىدىكى ساھىب-جامال ۋە ئىككى سەرگەردان بوۋاي ........................... 173
8. كۆمۈلۈپ قالغان ماھىر قىزىقچى ........................... 174
9. مايائۇغا بېرىش يولىدا ........................... 175
10. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تايغىنى ........................... 176
11. چۆلدە يولدىن ئېزىپ قېلىش ........................... 177
12. ئەڭ ئاخىرقى مەنزىل — چۆچەك ........................... 178

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى بۆلۈم

# گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سەپەر

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

# شىئەندىن لەنجۇغىچە

## 1. شەنشى ـ گەنسۇ يولىدا

نۇرغۇنلىغان قەدىمىي، گۈزەل ئاسارئەتىقىلىرى بىلەن مەشـهۇر بولغان شىئەندىن گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. يولدا شەھەر ئاھالىلىرىنى تاتلىق سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ قۇدۇقتىن ئۆتۈپ، قەدىمكى چاڭئەن سېپىلىنىڭ غەربىي قوۋۇقىـدىن چىقىپ، كەڭ توپىلىق يولغا قەدەم قويدۇق. دەسلەپتە يۇمشاق قۇم ـ توپىلىق يولدا ماڭدۇق. شىئەن شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىك ئەسلىدە مۇنبەت جاي ئىكەن. كۆز ئالدىمىزدا يېيىلىپ ياتقان پايانسىز دالىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەبنۇس دەرىخى بولۇپ، كەچ كۈز مەزگىلىدە، ئۇلار بۇ قەدىمىي دالىغا ئاجايىپ گۈزەل تۈس ئاتا قىلغانىدى. شاخلار ئارىسىدا يالتىراپ تۇرغان ياپېيشىل يوپۇرماقلار، ساڭگىلاپ تۇرـغان ئالتۇن رەڭ ئەبنۇسلار ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئىنتايىن جەلپ قىلاتتى.

بىز دەسلەپتە ماشىنا بىلەن ماڭغاچقا، يول بويىدىكى مەنزىـ

-رىلەر ۋە داغلىق جايلاردىن ھۇزۇرلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇق، كېيىن پىلانىمىزنى ئۆزگەرتىپ يېرىم يولدا ھارۋىغا چۈشۈۋالدۇق، بەزىدە ئاتلىقمۇ ماڭدۇق. گەنسۇ چېگرىسىغا يې-قىنلاشقان ۋاقتىمىزدا، چىلان ياغىچىدىن ئويۇپ ياسالغان نەرسىلەرنى ساتىدىغان نۇرغۇن يايمىچىلارنى كۆردۇق، بۇ نەرسىلەر قارا ۋە قىزىل رەڭلىك بولۇپ، ئىنتايىن جەلپ قىلارلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن قاتتىق بولغاچقا، ئۇرسىمۇ سۇنمايدىغان-دەك ئىدى. ئاڭلىساق بۇ نەرسىلەر بۇ ئەتراپنىڭ ئالاھىدە مەھسۇ-لاتى ئىكەن.

قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتتا، بىز گەنسۇ چېگرىسىغا يېتىپ كەلدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يولمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالدى. قاراڭغۇدا يولنى ئاران ئىلغا قىلىپ ماڭالىدۇق. قويۇق دەرەخلىكلەر ئەتراپنى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

بۇ كېچە گەنسۇدىكى تۇنجى كېچىمىز بولدى. بىز بىر دەڭدە يېتىپ قالدۇق، بۇ دەڭ سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكتىكى قىيالىققا ئويۇپ ياسالغان بىر ئۆڭكۈر ئىكەن، ئىچىدىكى بىرلا سۇپىدا ھارۋىكەشلەر ئالدىراپ ئويۇقۇغا كەتكەنىكەن، ئاتلار ھارۋىنىڭ يېنىدا ئوت يەۋاتاتتى، دەڭنىڭ تاملىرى ئىس - تۈتۈندىن قارىداپ كەتكەن، يەردە ئات تېزەكلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، بىز يۈك - تاقلىرىمىزنى پاكىزرەك بىر جايغا قويدۇق. ئىشىك ئورنىدا بىرلا پاكار، قىڭغىر ئېغىز بولۇپ، ھېچقانداق پەنجىرە يوق ئىدى.

قارا چىراغنىڭ خىرە نۇرى بۇ كىچىككىنە ئۆڭكۈرنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ كېچە ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولسىمۇ، ئەمما سۇپىنىڭ ھېچقانچە ئىسسىقى يوق ئىدى. بىز ياتقان يان تەرەپتىكى ئۈچ چى ئېگىزلىكتىكى جايدا يەنە بىر كىچىك ئۆڭكۈر بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى ئورەكچىلىكلا كېلەتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى بىر پارچە ئەسكى لاتا بىلەن توسۇپ قويۇلغان، ئىچىدە

قىستىلىشىپ ياتقان ئۈچ ئادەمنىڭ پۇتلىرى ئۆگكۈرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغانىدى. بىز گەنسۇدىكى بۇ تۇنجى كېچىنى مانا شۇنداق ئۆتكۈزدۇق.

## 2. پىڭلياڭغا نەزەر

گەنسۇ ئۆلكىسىگە كىرگەندىن كېيىن، بىز يولۇقتۇرغان تۇنجى چوڭ شەھەر پىڭلياڭ[1] بولدى، بىز شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە كەچ كىرىپ قالغان بولغاچقا، شەھەرنىڭ مەنزىرىسىنى تولۇق كۆرەلمىدۇق. ئەمما، قونالغۇغا بارغۇچە ئۆتكەن چوڭ كوچىدا يولۇچىلار ۋە تىجارەتچىلەر مىغىلدىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەر كۆزىمىزگە غەربىي شىمالدىكى بىر ئاۋات چوڭ شەھەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

بىز بىر بۇتخانىنىڭ ئالدىدا، خىلمۇ خىل كىيىنىشكەن بىرنەچچە يۈز قەلەندەرنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشۇېلىپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆردۇق. ئەسلىدە بۇ پىڭلياڭ شەھىرىدىكى «قەلەندەرلەر گۇرۇھى» نىڭ يىغىلىشى ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇلار بۇ يەردىكى خېلى تەسىرى بار بىر تەشكىلات ئىكەن. ئۇلارنىڭ كاتتىۋېشى بىر مۇشتۇمزور بولۇپ، ئۇلار دائىم شەھەردىكى كىچىك دۇكاندارلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىپ، بۇنى «ئايلىق باج» دەپ ئاتىۋالىدىكەن، پۇقرالار بۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ كېلىپ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقىدىكەن، يەرلىك دائىرىلەرمۇ بۇ قەلەندەرلەر گۇرۇھىنىڭ قىلمىشلىرىنى توسۇشقا ئامالسىز قالغانىكەن. شۇڭا، بۇ قەلەندەرلەر مۇشۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى

---

① بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئاپتور هازىرقى گەنسۇ ـ شىنجاڭ ئارىلىقىدىكى تۈز يول بىلەن ماڭماستىن، بەلكى ئاۋۋال نىڭشيادىن ئۆتۈپ، ئاندىن خېشى كارىدورىغا كىرگەن.

باقىدىكەن. ئەمما، ھازىر «ئالاھىدە يىللار»[1] بولغاچقا، ئۇلارمۇ خېلىلا جىمىپ قاپتۇ.

## 3. ليۇپەنشەن تېغىدىن ئۆتۈش

ئەتىسى ئەتىگەندە، بىز پىڭلياڭدىن چىقىپ، ليۇپەنشەن تېغىنىڭ 9000 چى ئېگىزلىكتىكى ئەگرى - بۈگرى، تىك يوللىرىغا قەدەم باستۇق.

كۆن كۆتۈرۈلگىچە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر ئېقىننى بوي-لاپ ماڭدۇق، بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭدىن كېچىپمۇ ئۆتتۇق. باش قىش مەزگىلى بولغاچقا، ئېقىننىڭ ئۈستىدىكى نېپىز مۇز ئات، ھارۋىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمىگەچكە، بىرنەچچە قېتىم سۇغا كىرىپ كەتكىلى تاس قالدۇق. بىر قېتىم مۇز توساتتىن يېرىلىپ كېتىپ، ئاتلار ئۈركۈپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكىلى قىل قالدى. كېيىن خېلى تۈز بىر تاغ يولى بىلەن تاغ ئۈستىگە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق، شۇنىڭدىن كېيىن ئېقىننىڭ خەۋپىدىن ئاخىرقى ھېسابتا قۇتۇلغان بولدۇق. ھەر قېتىم يولدىن ئەگىلگەن چېغى-مىزدا، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرمۇ ئۆزگىرىپ، كىشىنى چەكسىز ھۇزۇرلاندۇراتتى. بىراق، يانتۇ قىيالار كىشىنى خېلىلا ئەنسى-رىتەتتى، چۈنكى بۇ جايدىكى يول تىك ھەم تار بولۇپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

## 4. چوڭ يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى خارابىلىك

نەچچە كۈن تاغ يولىدا ماڭغاندىن كېيىن، بىز مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) 1 - ئايدا قاتتىق يەر تەۋرىگەن

[1] «ئالاھىدە يىللار» — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىغا كەلدۇق. قاتتىق يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن بۇ يەرنىڭ يەر شەكلىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. يەر ئۈستىدە لاۋا ئېتىلىپ چىققاندا شەكىللەنگەن تاغ جىنسلىرى ھېلىھەم كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. شۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە بۇ يەردىكى تاغ يوقىلىپ كېتىپ، باشقا بىر جايدا بىر تۈزلۈق كۆل پەيدا بولۇپ قالغانىكەن. ئەتراپتا ھېچقانداق ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيتتى، چۈنكى ئەينى چاغدا يەر يېرىلغاندا، ئادەم ۋە گەمىلەر يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىكەن. ھازىر بۇ خارابىلىكتە يېڭىدىن بىر يول پەيدا بولغان، بىز مۇشۇ يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. يول بويىدا ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان كەپىلەر تولىمۇ ۋەيرانە ئىدى. پەقەت بىرلا كېسەك تاملىق ئۆي بولۇپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدا چوڭ بىر قوي قوتىنى بار ئىكەن.

گەرچە بۇ ۋاقىتتا ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولسىمۇ، بىز ئۇچراتقان بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئۈچىسىنى ياپقۇدەك كىيىمى يوق ئىكەن.

يولدا يەنە بىر كۆۋرۈكنى ئۇچراتتۇق، بۇ ئىنتايىن پۇختا ياسالغان ھەم كۆرۈنۈشى تولىمۇ چىرايلىق كۆۋرۈك ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەينى يىلى قاتتىق يەر تەۋرىگەندە بېرىلگەن قۇتقۇزۇش پۇلى بىلەن ياسالغانىكەن. بۇ كۆۋرۈك ياسالمىغان ۋاقىتتا، ليۇپەنشەن تېغىدىن باشلانغان شىددەتلىك ئېقىن ھەر يىلى دېگۈدەك نەچچە ئون يولۇچى ۋە سودىگەرنى ئېقىتىپ كېتىدىكەن، ھازىر بۇنداق خەۋپلەر تۈگەپتۇ.

## 5. دىڭشى ئەتراپىدا

غەربىي شىمالنىڭ پايانسىز دالىلىرىدىكى بىرنەچچە كۈنلۈك تەنها ھەم زېرىكىشلىك سەپەردىن كېيىن، بىز ئاخىر دىڭشى

(ئەندىك) غا يېتىپ كەلدۇق. بۇ بىر سودىسى ئاۋات كىچىك شەھەر بولۇپ، ھېچقانچە كۆرگۈچىلىكى يوق ئىدى. بىز بۇ يەردە بىر كېچە ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئەتىسى لەنجۇغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

ھارۋىكەشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا بىر مۇسۇلمان (تۇڭگان) بار بولۇپ، ئۇمۇ بەزى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا ھاكاۋۇر ھەم گەپچى ئىدى. بېشىدىكى سەل كىرلىشىپ قالغان ئاق دوپپىسى ئېتىقادىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇ دائىملا «تورغاي ناخشىسى» دېگەن بىر يېقىمسىز ناخشىنى ئېيتاتتى، بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭى غەلىتە بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ ناخشىنى سەپەردە ئېيتىشقا ئامراق ئىكەن. بۇ ھارۋىكەش ناخشىنى بىر پەس ئېيتىپلا توختاپ قالاتتى، ئەمما بىردەمدىن كېيىن يەنە ئېيتاتتى. ناخشىنىڭ ساداسى كەڭ جىلغىلاردا ياڭرىغاندا، بىزنىڭ كەيپىمىزمۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى.

بۇ كېچە بىز ياتقان دەڭدىكى سۇپا ئىلگىرى ياتقان سۇپىلارغا ئوخشاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇپا ئات تېزىكى قالاپ ئىسسىتىلغانىكەن. سۇپىنىڭ ئۈستىگە لىڭگىلداپ تۇرىدىغان شال ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئاستى ئورەك ئىكەن، ئېھتىمال قۇرۇق ئات تېزىكى قويۇلىدىغان بولسا كېرەك. ئات تېزىكى قالانغاندىن كېيىن، ئادەتتە بىرنەچچە سائەت كۆيىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭدىن چىققان سېسىق پۇراق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۇرۇپ، قۇسقۇسىنى كەلتۈرۈۋېتەتتى، ھەتتا بۇ سېسىق پۇراق يۇك ـ تاقلار ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرگىچە سىڭىپ، بىر ـ ئىككى ھەپتىگىچىمۇ يوقالمايتتى.

بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل قوي يۇڭىدىن ئۆرۈپ توقۇلغان سىدام كىيىم كىيىدىكەن. ھەربىر كەنتتە، ھەمىشە ياشانغان مومايلارنىڭ ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ قوي يۇڭىدىن يىپ ئېگىرىۋاتقانلىقىنى ياكى پايپاق توقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار ئاۋۋال يۇڭ يىپ بىلەن پايپاقنىڭ ئاستى

تەرىپىنى توقۇۋېلىپ، ئاندىن ئۈستىگە بويلىتىپ توقۇيدىكەن. چىرايلىق ياساندۇرۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ئاق پالاستىن تىكىلگەن كىيىم كىيىشىۋالىدىكەن، بۇنداق كىيىمنىڭ ھېچقانداق تىكىشى يوق ئىكەن. چۈنكى، ئۇ كىيىدىغان ئادەمنىڭ بوي - تۇرقىغا قاراپ پىچىلىدىكەن، ئاق پالاسمۇ قولدا ئېتىلىدىكەن. بىز كۆپ قېتىم كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ نەم قوي يۇڭىدا پالاس ئېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ئايىغى، كىيىملىرى ۋە تەلپىكىنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق تىكىلىدىكەن. بۇ خىل ھۈنەر بۇ جايدىكى ھەممە يېزا - كەنتلەردە ئومۇملاشقانىكەن.

## 6. خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى لەنجۇ

تاغ ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى، تار قىيا يوللىرىدا خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، بىز ئاخىر لەنجۇغا — گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىگە يېتىپ كەلدۇق.

ئۇ ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان گۈزەل خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئارقىسىدا چىلىيەنشەن تېغىنىڭ ھەيۋەتلىك چوققىلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ كوچىلىرى كەڭ ھەم تۈز، ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن، سودىسى ئاۋات بولۇپ، ھەر مىللەتتىن بولغان كىشىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ئىلگىرىكى دەريادىكى ئاسما كۆۋرۈك ئورنىغا ھازىر يېڭىدىن بىر ھەيۋەتلىك بېتون كۆۋرۈك سېلىنغاچقا، كەلكۈن كەلگەن ۋاقىتتىمۇ يولۇچىلار خاتىرجەم دەريادىن ئۆتەلەيدىكەن.

ياز پەسلىدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلغايغان ۋاقىتتا، ئۇ غەربىي شىمالدىكى چوڭ سۇ يولى بولۇپ قالىدىكەن. يولۇچىلار ئەگەر سالغا چۈشسە، 30 كۈن ئىچىدە لەنجۇدىن بېيپىڭ[1] غا

① بېيپىڭ — ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى.

يېتىپ بارالايدىكەن. بۇنداق سال ئەيلەنگەن كالا ، قوي تېرىلىرىنى ئارقان بىلەن چىگىپ ياسىلىدىكەن. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئېقىنىدا بۇنداق سال ناھايىتى تېز ماڭىدىكەن، شۇڭا بۇ خىل قاتناش قورالىغا چۈشكەندە، ئادەم ئىنتايىن ھۇزۇر ھېس قىلىدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ خەتىرىمۇ خېلى چوڭ ئىكەن. ھازىر لەنجۇدىن ھەرقايسى جايلارغا قاتنايدىغان ئاپتوموبىل بولسىمۇ، بۇ خىل ساللار يەنىلا مۇھىم قاتناش قورالى ئىكەن، لېكىن ھازىر ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقا، ئانچە كۆپ قاتنىمايدىكەن.

قىش پەسلىدە، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈيى قېلىن مۇز تۇتۇپ، خەتەرلىك خۇاڭخې ئېقىنى بىر چەكسىز مۇز يولغا ئايلىنىدىكەن. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مۇز تۇتۇشىمۇ بىر ئاجايىپ مەنزىرە ئىكەن. دەسلەپتە دەريا يۈزىدە سانسىز كۆچمە مۇزلار پەيدا بولىدىكەن، دەريانىڭ تارراق جايلىرىدا بۇنداق كۆچمە مۇزلار بىر يەرگە يىغىلىپ، بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا چوڭ - چوڭ مۇز تۇپىنى شەكىللەندۈرىدىكەن. بۇنداق غايەت زور كۆچمە مۇزلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندا، پارچىلانغان مۇزلار ھەر تەرەپكە تارقىلىپ، پۈتۈنرەك مۇزلار يەنە قايتىدىن يىغىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل دەريا يۈزىنى قېلىن بىر قەۋەت مۇز قاپلايدىكەن، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بىرنەچچە ئايغا سوزۇلغان مۇز تۇتۇش مەزگىلى مانا مۇشۇنداق باشلىنىدىكەن.

بۇگۈنكى لەنجۇ ئىلگىرىكى لەنجۇغا ئوخشاشمايتتى، ئۇ يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىتتا كۈچ - قۇدرەتكە تولغان بولۇپ، غەربىي شىمالدىكى مۇھىم مەركەزلەرنىڭ بىرى بولۇپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## جاڭيىغا قاراپ ئىلگىرىلەش

### 1. قەدىمكى ئىچكى كۆلنىڭ ئىزى

ئەگەر ھاۋا ياخشى بولۇپ بەرسە، لەنجۇدىن ۋۇۋېي (لياڭ-جۇ) غا بىر ھەپتە ئىچىدىلا بىخەتەر يېتىپ بارغىلى بولاتتى (ئاپتوموبىل بىلەن تېخىمۇ تېز بارغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە). لەنجۇ بىلەن قەدىمكى لياڭجۇ (ۋۇۋېي) نىڭ ئارىلىقىدا يۇڭدىڭ (پىڭفەن) بار ئىدى. يۇڭدىڭدىن غەربكە ماڭسا، چوڭ يول بىلەن بىۋاستە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىنىڭغا بارغىلى بولات-تى، بۇ يەر قەدىمكى غەربىي شىمال يولىغا تۇتىشاتتى.



1897 ـ يىلى سۋېن ھېدىن يۇڭدىڭدىن ئۆتكەن چاغدىكى مانجۇ قەلئەسى

لەنجۇدىن چىقىپ تەخمىنەن ئون چاقىرىم ماڭغاندىن كېـ
يىن، بىز بىر قورۇپ كەتكەن قەدىمكى ئىچكى كۆل قىنىغا قەدەم
قويدۇق. ئۇ يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، كۆلنىڭ قەدىمكى ۋاقىتـ
لاردىكى ئەڭ ئېگىز سۇ يۈزىنى پەرق قىلغىلى بولاتتى. سۇ يۈزى
پەسەيمىزدىنمۇ ئېگىز بولۇپ، ئەتراپتىكى تىك يارلارنىڭ چوققىـ
لىرىغىچە كېلىدىكەن، تىك يارلارنىڭ ئۈستىدىكى تاشلار ئالىقاـ
چان تۈۋرۈكسىمان ھالەتكە كېلىپ قالغانىكەن. كۆل قىنىنىڭ
ئاستى يۇمشاق قۇم بولۇپ، بەزى جايلاردا ئانچە ـ مۇنچە سۇمۇ
ئۇچراپ قالىدىكەن، ئەمما تەمى ئىنتايىن تۇزلۇق ئىكەن.
بىز بۇ قورۇپ كەتكەن كۆل قىنىنىڭ بويىدا يەنە بىر توپ
قوتازلارنى ئۇچراتتۇق، ئۇلارنى بوغۇزلاش ئۈچۈن شەھەرگە ھەيـ
دەپ مېڭىپتۇ. غەربىي شىمالنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدە
سېتىلىۋاتقان گۆشنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قوتاز گۆشى ئىكەن،
شۇڭا ئۇنى غەربىي شىمالدىكى مۇھىم يېمەكلىكلەرنىڭ بىرى
دېيىشكە بولىدىكەن.

## 2. يۈڭدىڭ (يىڭفەن) نىڭ ئۆتمۈشى

تۆت كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بىز يۈڭدىڭدىكى تاغ جىلغىـ
سىغا يېتىپ كەلدۇق. جىلغا ئاستىدىكى مۇزلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا
بىر كىچىك ئېقىن بولۇپ، ئەتراپتىكى بىرنەچچە تۈگمەن مۇشۇ
ئېقىن بىلەن چۆرۈلىدىكەن، تۈگمەننىڭ كويلىسى ئاستىدا سانـ
سىز مۇز چوكىلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى.
ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم نېرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سېپىل
دەل يۈڭدىڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ھەيۋەتلىك قەلئە بۇرۇن
«مانجۇ قەلئەسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئىلگىرى چىڭ
سۇلالىسىنىڭ قالدۇق ئەمەلدارلىرى ئولتۇرۇشلۇق جاي ئىكەن،
ئەمما ھازىر قەلئەنىڭ كۆپ قىسمى خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتـ
كەچكە، يەتتە ـ سەككىز ئائىلىلىك كىشىلا قاپتۇ. شىنخەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابى مەزگىلىدە، بۇ «قالدۇق مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى» نىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلۈپ ياكى قېچىپ كېتىپ، ھازىر قەلەندەرلەر بۇ جاينىڭ ئىگىسى بولۇپ قاپتۇ.

يەنە بىر قەلئەنىڭ ئاھالىسى پۈتۈنلەي خەنزۇلار ئىكەن، ئەمما شەھەر كوچىلىرى تولىمۇ چۆل ۋە غېرىبانە كۆرۈنەتتى. ئاڭلىساق بازار كۈنىلا كوچىلار سەل جانلىنىپ قالىدىكەن. كوچا بويلىرىدىكى دۇكانلار تولىمۇ ۋەيرانە بولۇپ، ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىكەن، كۆكتاتلارنىمۇ ئۈچ كۈنلۈك يول يىراقلىقتىكى يېزىلاردىن ئەكېلىپ ساتىدىكەن. شەھەرنىڭ غەربىدە يېزىغا بارىدىغان بىر يول بولۇپ، يول بويىدا كىچىك قونالغۇلار، ھارۋا چاقى ياسايدىغان دۇكانلار، تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى ۋە ئاشپۇزۇللار كۆپ ئىكەن، ئۇلار يولۇچىلار ۋە ھارۋىكەشلەرنى ھەممە زۆرۈر لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەيدىكەن. بىز شىنىڭغا بارىدىغان يولدا، پات ـ پاتلا توپ ـ توپ زاڭزۇلارنى ئۇچرىتىپ قالاتتۇق، ئۇلار بۈتنى كۆرسىلا دەرھال ئېتىدىن چۈشۈپ باش ئۇراتتى.

بىز يۇڭدىڭدا قونغان تۈنجى ئاخشىمى، شۇ جايدىكى يەرلىك مىللەتتىن بولغان ئايال كاتتىۋاشنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر ئەر چاكارنى ئۇچراتتۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئايال كاتتىۋاش ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ تۇرارگاھىدا تۇرىدىكەن، ئەمما پات ـ پاتلا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شەھەرگە كېلىپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان بولۇپ، ئۆزىمۇ قالتىس ئايال ئىكەن. ئەپسۇسكى، بىز يۇڭدىڭدا كۆپ ھايالشىمىغان بولغاچقا، بۇ ئايال كاتتىۋاشنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدۇق.

## 3. ۋۇۋېي ۋە يۇڭچاڭ

يۇك ـ تاقلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋۇ-

ۋېي (لياڭجۇ) غا قاراپ يولغا چىقتۇق. يولۇچىلار ئۇچۇن ئېيت-قاندا، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يوللىرى مەيلى قىش پەسلى ياكى ياز پەسلى بولسۇن، مەيلى هارۋا بىلەن ياكى ئاپتوموبىل بىلەن بولسۇن، مېڭىش ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىدى.

ھەر يىلى ھاۋا ئىسسىغاندا، تاغ جىلغىلىرىدا دائىم قاتتىق يامغۇر ياغىدىكەن، بۇ ۋاقىتتا جىلغا ئارىسىدىن سۇ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چۈشۈپ ھەممە نەرسىنى ئېقىتىپ كېتىدىكەن. مەيلى ئات - ئۇلاغ ياكى ھارۋىلار بولسۇن، بۇ دەھشەتلىك كەل-كۈنگە تاقابىل تۇرالمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەتراپ-تىكى دەريالارنىڭ سۇيىمۇ ئۇلغىيىپ، ھەر تەرەپكە يامراپ، ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىكەن.



سۇبىن ھېدىن سىزغان ۋۇۋېيدىكى گۇەندى ئىبادەتخانىسى

www.uyghurkitap.com

قىش مەزگىلىدە دەريالار مۇز تۇتقاندا، دەريا يۈزىدە يولۇچىلار ماڭالىغۇدەك يول ھاسىل بولىدىكەن. ئەمما، مۇز ئۈستىدە مېڭىش تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەن، بولۇپمۇ كېچىسى ماڭغاندا چىراغ ئىشلىۋالمىسا بولمايدىكەن، ئەگەر سەللا ئېھتىيات قىلمىسا، ئادەم چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولمايدىغان مۇز يېرىقلىرىغا چۈشۈپ كېتىپ جېنىدىن ئايرىلىدىكەن.

بىز ۋۇۋېيدىن ئالدىراشلا ئۆتۈپ كەتتۇق، بۇ يەردە غەربىي شىمالنىڭ ئۆزىگە خاس مەنزىرىلىرىدىن باشقا، ھېچقانداق كۆرگۈدەك نەرسە يوق ئىدى. شەھەرنىڭ كوچىلىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاشلىق بولغاچقا، تولىمۇ كەيپىمىزنى ئۇچۇردى.



ۋۇۋېينىڭ كوچىلىرى

ۋۇۋېيدىن چىقىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىز يۈڭچاڭغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ بىر كىچىك شەھەر بولسىمۇ، ئاھالىلىرى ئەپيۈنگە ئىنتايىن بېرىلىپ كەتكەچكە، نورمال تۇرمۇش رىتىمىمۇ بۇزۇلغانىكەن. ئەمما، يېقىندىن بۇيان بۇ ئەھۋال سەل ياخشىلىنىپتۇ، يۈڭچاڭ ئەسلىدە گەنسۇدىكى ئەلتېرە سودىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ھەر يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يىراق - يېقىندىكى سودىگەرلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئەلتېرە سودىسى قىلىدىكەن. بۇنداق تېرە تۇغۇلغىنىغا 14 كۈن بولغان قوزىدىن

شىلىۋېلىنىدىغان بولغاچقا، يۇمشاق ھەم يەڭگىل بولىدىكەن.
ئەگەر ئەپيۇن يامراپ كەتمىگەن بولسا، يۇڭچاڭ تېزلا بىر گۈل-
لەنگەن ئاۋات شەھەرگە ئايلىناتتىكەن. ئەمما، يۇڭچاڭغا كەلگەن
سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى پۇل - ماللىرىنى ئەپيۇنگە خەجلىۋې-
تىپ، چىرايى ياداڭغۇ، چاچلىرى پاخپايغان ھالدا يۇرۇشىدىكەن،
ئاياللار بولسا كىيگۈدەك تۈزۈكرەك كىيىملىرىمۇ بولمىغانلىق-
تىن، ئۆيلىرىگە بېكىنىۋېلىپ، سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلال-
مايدىكەن.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاتتىق نامراتلىق دەستىدىن
يۇڭچاڭ يەنە غەربىي شىمالدىكى داڭلىق ئادەم سودىسى بازىرىغا
ئايلىنىپ قاپتۇ، بۇ يەردە كۆپلىگەن كىچىك قىزلار باشقا چوڭ
شەھەرلەرگە ئاپىرىپ سېتىلىپ، دېدەك ۋە پاھىشە بولىدىكەن.

## 4. سەددىچىننىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەر

يۇڭچاڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، بىز كەڭ كەتكەن
پايانسىز دالىدا ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. بۇ يەردىكى يوللار ئىنتايىن
ئەگرى - بۈگرى ھەم ئېگىز - پەس ئىدى، ئەمما بەزىدە ياخشى
يوللارمۇ ئۇچراپ قالاتتى.
ئاتلار بەزىدە قۇملۇقلاردا ئېغىر قەدەملىرىنى ناھايىتى تەستە
يۆتكىسە، بەزىدە پاتقاقلىق دەريالاردا ئىنتايىن مۇشەققەتتە ئىلگى-
رىلەيتتى. بىزمۇ ھارغىنلىق، ئۇسسۇزلۇق، سوغۇققا ھەمدە
ئالدىمىزدىكى ئاللىقانداق خەتەرلەرگە چىدىشىمىز كېرەك ئىدى.
بىر قېتىم، يول بەك ئەسكى بولغاچقا، ئامالسىز ئايلىنىپ
ماڭدۇق، ئەمما تەلىيىمىزنىڭ كاجلىقىدىن ھارۋىنىڭ چاقى پات-
قاققا پېتىپ قالدى، ھارۋىكەشلەر شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسى-
مۇ، ئۇنى پاتقاقتىن چىقىرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئامالسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەيۋەتلىك سەددىچىن سېپىلىغا يۆلىنىپ خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇردۇق. بۇ ۋاقىتتا، ئۆزىمىز ھەم ئاتىلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھارۋىنىڭ چاقىنى پاتقاقتىن چىقىرىۋېلىشتىن قەتئىيلا ئۈمىد ئۈزۈلگەچكە، يولدىن ئۆتۈپ قالىدىغان كىشىلەردىن ياردەم تىلىمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى، ئاخىر يىراقتا بىر نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئۇ بىر ئۆكۈز بولۇپ، بىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۆكۈزنىڭ ئارقىسىدا يەنە ئېشەكلىك بىر ئەر كىشى بار ئىدى. ئۇ بىزگە يېقىنلاشقاندا دەرھال ئېشىكىدىن چۈشتى. ئەمما، بىزنىڭ لاي - پاتقاقا مىلەنگەن ئۈمىدسىز ھالىتىمىزنى كۆرۈپ، سەل تەئەججۇپلىنىپ قالدى. ئاقىۋەت يەنىلا ئۇنىڭ ئۆكۈزى ۋە ئېشىكى ھەمدە ئاتلىرىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھارۋىنىڭ چاقىنى پاتقاقتىن چىقىرىۋالدۇق.

بىزنىڭ مەنزىلىمىز بۇ سانسىز قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئىچىدە ئىدى. قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئۈستىدە پەقەت ئاندا - ساندا چاتقاللارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. يىراقتا بىر توپ بۆكەننى كۆردۇق، ئەمما يېقىنلاپ بېرىشىمىزغىلا قېچىپ كەتتى. ئىككى تەرەپتىكى ئۇپۇققا تۇتاشقان، ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتقان تاغ تىزمىلىرى، ئېگىز ھەم كۆپكۆك ئاسمان كىشىگە غەربىي شىمالنىڭ ئىنتايىن كەڭ ھەم پايانسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى. بىراق، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، چىڭخەي تاغلىرى تەرەپتىن شىددەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلۈپ، بىردەمدىلا قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ، ئاچچىق سوغۇق جان - جېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، بۇ بىزنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىمىزنى ۋە قىزغىنلىقىمىزنى سۇسلاشتۇرالمىدى.

## 5. جاڭيې (قەدىمكى گەنجۇ) نىڭ قىياپىتى

جاڭيېغا يولغا چىقماقچى بولغان كۈنى، بىز بۇرۇنراق مەن-

زىلگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن كېچە سائەت ئۈچتىلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ سەپەرگە ئاتلاندۇق.

قارلىق چىلىيەنشەن تېغى بىلەن ئىچكى موڭغۇلنىڭ قۇملۇق تاغلىرىنىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن تار بولۇپ، جاڭيېغا بارغاندا بۇ ئىككى تاغ تىزمىسى بىرلىشىپ كېتىدىكەن. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، بىز يولدا بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىككە يولۇقتۇق. ھارۋىمىز پاتقاققا يەنە پېتىپ قېلىپ، بار كۈچىمىز بىلەن ھەپىلەشكەن بولساقمۇ، ھېچقانداق ئامال قىلالمىدۇق. قۇياشمۇ بارا - بارا پېتىپ كېتىۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا يىراقتا ئىككى ئاتلىق كۆرۈندى، ئۇلار بىزگە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقاندى، ئۇلارنىڭ تونۇش دوستلار ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بىز خۇشاللىقىمىزدىن سەكرىشىپ كەتتۇق. ئەسلى بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن خەۋەر تاپقان دوستلار يېتىپ بېرىشىمىزنى كۈتمەيلا، قارشى ئالغىلى ئالدىمىزغا چىققانىكەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ بىرى ياردەمگە ئادەم چاقىرغىلى شەھەرگە كىرىپ كەتتى، بىز يەنە بىر دوستىمىز بىلەن شەھەرگە قاراپ ماڭدۇق.

جاڭيې شەھىرى زەيكەش يەرگە جايلاشقاچقا، قىش پەسلىدە يەر ئىنتايىن قېتىپ كېتىدىكەن، ئەمما ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا لۆمۈلدەپ، يەر ئاستىدىكى سۇلار يەر ئۈستىگە ئۆرلەپ، يوللار تولىمۇ پاتقاق بولۇپ كېتىدىكەن، ھەتتا چوڭ يوللاردا نۇرغۇن ئېرىقچىلار ھاسىل بولىدىكەن.

بىز جاڭيې شەھىرىگە كىرگەندە، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن كوچىلاردىن ئۆتكىنىمىزدە، يول ياقىسىدىكى قونالغۇلارنىڭ يېنىدىكى تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى قاراڭغۇلۇقنى غىل - پال يورۇتۇپ تۇراتتى.

بىردەمدىن كېيىن، بىز بىر كاتتا زىياپەتكە داخىل بول-

www.uyghurkitap.com

دۇق، شىرە ئۇستىدە يەنە تېخى پۇراقلىق چايمۇ بار ئىدى. ئۆي ئىچى ھېچقانداق بېزەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بىزدەك غەربىي شىمالنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق يوللىرىدا ئۇزۇن ۋاقىت سەپەر قىلغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۆي تولىمۇ ئازادە ئىدى. گەرچە گۇرۇچ تامىقى يېيەلمىگەن بولساقمۇ، ئەمما قۇيماق بىلەن غەربىي شىمالنىڭ ئېسىل ھاراقلىرىدىن قانغۇچە يەپ ـ ئىچىپ، بارلىق ھارغىنلىقىمىزنى بىردەملىككە بولسىمۇ ئۇنتۇدۇق.

بىز يېتىشقا تەمشەلگەندە، ئاللىقاچان يېرىم كېچە بولغانىدى.

مەشھۇر غەربلىك ساياھەتچى ماركوپولو جاڭيېدا ئۇزۇن تۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە جاڭيېنى «ئادەمدىن بۇت كۆپ جاي» دەپ تەسۋىرلىگەن. ھازىرمۇ يەرلىك كىشىلەر جاڭيېنى شۇنداق ئاتىشىدىكەن، تېخى بەزى نادان ئەر ـ ئاياللار ئۆزلىرىچە: بىزنىڭ بۇ يەردە بۇتخانا ۋە ئىلاھلار ھەممىدىن كۆپ، قەدىمدىن تارتىپ ھېچكىممۇ بۇنىڭ سانىنى ھېسابلاپ چىقىرالمىغان دەپ ماختىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ماختىنىشىدىنمۇ جاڭيېدا بۇتخانىلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

جاڭيېنىڭ ئورنى ئەۋزەل، مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپلا قالماستىن، سۇيىمۇ مول ئىكەن. شەھەر ئىچىدە بىرنەچچە چوڭ كۆل بولۇپ، كۆلدە قومۇش ئىنتايىن كۆپ ئۆسىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كۆلچەكلەر بار ئىكەن، بۇ كۆلچەكلەرنىڭ سۇيى شىزاڭ تاغلىرىدىكى قېلىن قارلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان يەر ئاستى سۇلىرىدىن كېلىدىكەن. كۆلچەكلەرنىڭ سۇيى بەزىدە كۆپ، بەزىدە ئاز بولغاچقا، بەزى ۋاقىتلاردا كىچىك بالىلار بېلىق تۇتۇپ ئوينايدىكەن، ئەمما قىش پەسلىدە بۇ كۆلچەكلەر شەھەرگە بېرىپ ـ كېلىدىغان مۇز يولغا ئايلىنىدىكەن.

كوچىلارنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئاقتېرەك ۋە سۆگەتلەر بو-

لۇپ، ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا بۇك ـ باراقسان ئۆسۈپ، ئىنتايىن گۈزەل تۇسكە كىرىدىكەن.

جاڭيې ئاھالىلىرى ھەرقانداق ئىشتا خۇراپاتلىققا ئىشىنىدىكەن. باي ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ھەشەمەتلىك ئەرۋاھ سۇپىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەرۋاھ تاختىسى بولىدىكەن، بۇتلارنىڭ ئالدىدا كېچە ـ كۈندۈز كۈجە كۆيۈپ تۇرىدىكەن. ئەرۋاھ سۇپىسىنىڭ ئۈستىدە توققۇز دانە مىس قوڭغۇراقتىن تۈزۈلگەن داڭ بولۇپ، ھەر كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاياللار داڭ ئۇرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ھەممە تەرەپتە داڭ ئاۋازى ياڭرايدىكەن. بۇ ۋاقىتتا يەنە بەزى كىشىلەر ياغاچ دۇمباق چالىدىكەن، بۇنداق دۇمباقنىڭ شەكلى قىسقۇچپاقىغىلا ئوخشايدىكەن.

جاڭيې ئاياللىرىنىڭ خۇراپاتلىققا ئىشىنىشى تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇلار خۇراپاتلىقنىڭ قۇلى ئىكەن. ھەر يىلى باھار پەسلىدە، كۈندە دېگۈدەك بۇتخانا سەيلىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، بۇ ۋاقىتتا ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ئەر ـ ئاياللار بۇتخانىلارغا بېرىپ سەيلە قىلىدىكەن، بۇگۈنى ئۇ كوچىدىكىلەر بۇ كوچىغا كەلسە، ئەتىسى بۇ كوچىدىكىلەر ئۇ كوچىغا بارىدىكەن. شۇڭا، ئويۇن قويغۇچىلارمۇ توختىماستىن ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ، ئويۇن قويۇپ بېرىدىكەن. يېزىلىقلار بولسا كالا ھارۋىلىرىنى توختىتىپ قويۇپ، ئويۇن سەھنىسىنىڭ ئالدىدا قىستىلىشىپ تۇرۇشىدىكەن، ئاياللار ئەتىگەندىن كەچكىچە ھارۋىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئويۇن كۆرىدىكەن، ياش قىز ـ يىگىتلەر بولسا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بىر ـ بىرىگە قاش ـ كۆز ئوينىتىدىكەن. بەزى قىزلار ھەددىدىن ئارتۇق گىرىم قىلىۋالغاچقا، چىرايلىق ھۆسنىنى بەتبەشىرە تۇسكە كىرگۈزۈپ قويىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چېچىغا يالغان گۈل قىستۇرۇۋالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

بۇتخانا سەيلىسى بولغان كۈنى، بۇتخانىدىكى ھەممە بۇتلارغا چىرايلىق لىباس يېپىلىدىكەن. نادان ئەر - ئاياللار بۇتقا باش ئۇرۇپ كۇجە كۆيدۈرۈپ، سېرىق قەغەزلەرنى كۆيدۈرىدىكەن. قەغەزلەرنىڭ كۆيۈپ ھاۋاغا ئۆرلىگەندىكى شەكلى ۋە ئېگىزلىكى دەل بۇددىستاۋانىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقىنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ كۈنى يەنە بۇتخانىدىكى قىممەتلىك بۇيۇملار ھەمدە گۈللۈك كاسايالار، توز پېيىدىن توقۇلغان ھەشەمەتلىك پەردىلەر، كۈنلۈكلەر كۆرگەزمە قىلىنىدىكەن، شۇنداقلا جاڭ، نەي ۋە مىس دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى ھەر تەرەپتە ياڭراپ، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭنىمۇ بېسىپ كېتىدىكەن.

بەزى ئىبادەتخانىلاردا يەنە چوڭ باغچىلار بولىدىكەن، باغچىلاردىكى گۈللەر، شاپتۇل ۋە نەشپۈتلەر، كىچىك كۆللەرنىڭ ئارىلىقىدىكى سالاسۇنلۇق كۆۋرۈكلەر، كۆپكۆك ئاسمان، يىراقتىكى ئاق باش تاغلار ۋە چىرايلىق كىيىنىۋېلىشقانلىرى قوشۇلۇپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىپ، كىشىگە ئېيتقۇسىز شادلىق بېغىشلايدىكەن.

قىستىلىشىپ ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدا سېرىق ساقاللىق مۇسۇلمانلار، ياغلىق چىگىۋالغان تاتارلار، زاڭزۇلار ۋە موڭغۇللارمۇ بار بولۇپ، گەرچە بىز ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۇقمىساقمۇ، ئەمما ئۇلار خەنزۇ تىلىدا ۋە ئۆز تىللىرىدا پاراڭلىشالايدىكەن، بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ ھەرخىل مىللەتلەر توپلاشقان جاي ئىكەن.

جاڭيېنىڭ مۇنبەت يەرلىرى تاكى چىڭخەي تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگىچە سوزۇلغان بولۇپ، بىز غەربىي شىمالدا كۆرگەن شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە، جاڭيې زاڭزۇلار ئەڭ كۆپ كېلىدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىكەن. بىز دائىم ئۇلارنىڭ كوچىلاردا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى ياكى ساتقىلى ئەكەلگەن ئالتۇن - كۈمۈش، توز پېيى ۋە تېرىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندى-

لىك تۇرمۇشىغا لازىملىق ئاشلىقلارغا ئالماشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق.

بىز يەنە جاڭيېنىڭ يېزىسىغىمۇ باردۇق.

جاڭيېنىڭ يېزىلىرى ئىنتايىن نامرات بولغاچقا، خەلق تۇرمۇشى تولىمۇ جاپالىق ئىكەن. تاغ جىلغىسىدىن ئېقىپ چىققان قارا دەريانىڭ سۈيى بىلەن ئەتراپتىكى يەرلەر سۇغىرىلىدىكەن. گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىدا ھۆل ـ يېغىن ئىنتايىن ئاز، بۇنىڭ بىلەن يەرلەرنى سۇغىرىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، دېھقانلار دائىم قارا دەريانىڭ سۈيىنى تالىشىپ ماجىرالىشىپ قالىدىكەن. سۇ ئىنشائاتلىرى تولىمۇ قالاق ئىكەن. نامراتلىق بۇ بەختسىز دېھقانلارنى ئۆز جاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، ئەپيۇن ئۇلارنى تېخىمۇ زەئىپلەشتۈرۈۋېتىپتۇ.

يېزىلاردا ئاشلىقى تۈگىگەن ياكى سېرىقتال كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئائىلىلەر ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەن. ئاياللار بەدىنىنى ياپالىغۇدەك تۈزۈكرەك كىيىملىرىمۇ بولمىغانلىقتىن، مېھمانلارنى كۆرگەندە، سۈپىدىن چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن، ھەتتا ئون نەچچە ياشلىق قىزلارمۇ تالاغا ناھايىتى ئاز چىقىدىكەن.

ئەتراپتىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ مەنزىرىسى ئوخشاشلا ئىكەن. سېپىللىرىنىڭ ئۆزۈنلۈقى ئون چاقىرىم ئەتراپىدا بولۇپ، سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ قارىغاندا، ئەتراپتىكى مۇنبەت ئېتىزلارنى، بۇلۇق ئۆسكەن ئارپا، سۇلۇ، تېرىق قوناقلارنى كۆرگىلى بولىدىكەن، بۇ يەر غەربىي شىمالدىكى مەشھۇر شال ئۆستۈرۈلىدىغان رايون بولغاچقا، شال ھەممىدىن كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ماش، كۆك پۇرچاقلارمۇ ئۆستۈرۈلىدىغان بولۇپ، ئات، كالىلارغا بېرىلىدىكەن. شەھەر ئەتراپىدا يەنە نۇرغۇن ئۆرۈكلۈك، نەشپۈتلۈك، ئالمىلىق باغلار ۋە ئۈزۈمزارلىقلار بولۇپ، قىزىل ۋە كۆك ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى بايلارغا مەنسۇپ ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاڭيې شەھىرى ئەتراپىدا سۇ ئىنتايىن مول ئىكەن، بۇ سۇلار تاغ چوققىلىرىدىكى ئېرىگەن قارلاردىن ھاسىل بولىدىكەن. شۇڭا، ياز پەسلىدە يېزا يوللىرىنى سۇ بېسىپ كېتىدىكەن.

سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ شەھەرگە نەزەر تاشلىغاندا، ئاۋۋال كۆزگە چېلىقىدىغىنى مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل قومۇشلۇق كۆللەر ۋە بۇك ـ باراقسان يېشىللىقلار ئىكەن. يېشىللىقلارنىڭ ئارىسىدا لاما ئىبادەتخانىلىرىنىڭ كاھىشلىق چىرايلىق ئۆگزىلە-رىنى ۋە بىر ئېگىز مۇنارنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئەمما، ئاھا-لىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى پاكار ھەم كۆرۈمسىز بولۇپ، تۇپتۇز ئۆگزىلىرىگە لاي سۇۋالغانىكەن. ئۇلى پۇختا قوپۇرۇلمى-غان، يەرلەر ئويمان ۋە نەم بولغانلىقتىن، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قاپتۇ.

چوڭ بۇتخانىلارنىڭ ھەممىسى شەھەر ئىچىدىكى ئېگىز جاي-لارغا سېلىنغان بولۇپ، ئېگىز جايلارغا بىرقەدەر مۇستەھكەم ئىمارەتلەرنى سالغىلى بولىدىكەن. پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى بولسا دائىملا ئۆرۈلۈپ كېتىدىكەن، بىر قېتىم بىز تۇرغان ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئات ئېغىلى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، بىر قېچىرنى بېسىۋالدى.

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، جاڭيېدىكى بۇتخانىلارنىڭ ئىچىدە، كىشىلەرنىڭ ھەممىدىن بەك ئۇلۇغلايدىغىنى مىددە بۇت-خانىسى ئىكەن، مىددە بۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 چى، ئېگىزلى-كى تەخمىنەن 40 چى بولۇپ، جاڭيېلىقلار بۇ بۇتنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بۇت دەپ ئىشىنىدىكەن. بۇت لايدىن قوپاللا ياسالغان، ئوڭ قولى بىلەن بېشىنى تىرىگىنىچە يانپاشلاپ ياتقان، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزغان، بارماقلىرى چوڭ ھەم يۇمىلاق ئىكەن. بۇت-خانىنىڭ ئۈستىدە بىر ئايلانما كارىدور بولۇپ، كارىدورنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قارىغاندا، ئەتراپتىكى ھەممە مەنزىرىلەرنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

شەھەردىكى يەنە بىر بۇددا مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 150 چى

كېلىدىغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر گېگەن دەپىنە قىلىنغانىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر بۇتخانىنىڭ ئىچىدە بىر چەۋەندازنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، ئۇ بىر مىس ئاتقا مىنىۋالغانىكەن. كىشىلەر بۇ ھەيكەلگىمۇ ئىنتايىن چوقۇنىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ چەۋەنداز قارا دەريانىڭ سۈيىنى جاڭيېي شەھىرىگە باشلاپ كەلگەنىكەن.

بۇتخانىنىڭ سىرتىدا بىر بۇلاق بولۇپ، بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر كۆلچەك بار ئىكەن. كۆلچەكتە ئالتۇنبېلىقلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدىكەن، ئۇلارمۇ نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ كېلىنگەنىكەن.

بىز تۇرغان جاينىڭ ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ، داڭلىق گۇاڭشەن بۇتخانىسىنىڭ ھويلىسىدا دەرەخلەر ۋە چاتقاللار ياپيېشىل ئۆسكەن، ئەتىرگۈل ۋە چۇغلۇقلار ھۇپپىدە ئېچىلغان، ھويلا ئىچى خۇش پۇراققا تولغان بولغاچقا، بىز ھەر كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە ئۇ يەردە سەيلە قىلاتتۇق. بۇتخانىنىڭ ئالدى بولسا جىمجىت سەينا ئىدى.

## 6 . جاڭيېيدىكى ئاھالىلەر

جاڭيېيدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى غەربىي شىمالدىكى باشقا چوڭ شەھەرلەردىكىگە ئوخشاشلا چەت ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئاساسەن سودىگەرچىلىك قىلىدىكەن.

جاڭيېيدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دېھقان بولۇپ، ھەربىر يېزا خېنەنلىك ياكى شەنشىلىك سودىگەرلەرنىڭ تىجارەت دائىرىسى ئىكەن. ئۇلار كىچىك دۇكانلارنى ئېچىۋالغان بولۇپ، ھەرخىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن ۋە قەرز بېرىدىكەن. بۇ سودىگەرلەر دېھقانلارنى زۆرۈر كۈندىلىك تۇرمۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۆيۇملىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن قىـ-
يىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن
ياخشى ئىكەن.

جاڭيېدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار ۋە مۇسۇلمانلار-
دىن باشقا، يەنە زاڭزۇلارمۇ بار ئىكەن. بىز دائىم ئۇچرىتىپ
تۇرىدىغان زاڭزۇلارنىڭ ئەرلىرى، ئاياللىرى ياكى بالىلىرى بول-
سۇن، ھەممىسىنىڭلا چېچى قىزغۇچ ھەم بۇدۇر بولۇپ، خەنزۇ-
لاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىكەن. سارغۇچ كۆزلىرى ئىنتايىن نۇر-
لۇق ئىكەن. ئۇلار يەرلىك ئاھالىلەر بىلەنمۇ نىكاھلانغاچقا،
ئۆرپ - ئادەتلىرى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن.

## 7. لاما ئىبادەتخانىسىغا زىيارەت

بىز جاڭيېدىن ئانچە يىراق بولمىغان گۇاڭلۇڭدىكى لاما
ئىبادەتخانىسىدا يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىلىش بولىـ-
دىغانلىقىنى ئاڭلاپ، لامالار ۋە زاڭزۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ
بېقىش، شۇنداقلا نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۇ يەر-
گە بېرىشقا جابدۇندۇق.

لاما ئىبادەتخانىسىغا بېرىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن مېڭىشقا توغرا
كېلىدىغان بولغاچقا، يەتتە - سەككىز دەك ئادەم ھارۋىلىق يولغا
چىقتۇق. ئۇزۇن تاغ يولىدا ماڭىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، يەنە سەك-
كىز قېچىر ھەم ئېشەك، ئۇنىڭدىن باشقا بىر چېدىر، گۈرۈچ
ۋە ئۇن قاتارلىقلارنىمۇ ئېلىۋالدۇق.

جاڭيېدىن چىقىپ 18 چاقىرىم ماڭغاندا، كەڭ كەتكەن ھەم
مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان بىر دەريا ئۇچرىدى. تاغدىكى قارلارنىڭ تېز
ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان ئېقىن شىددەت بىلەن ئاققاچقا، يازدا
دەريادىن ئۆتۈش قىيىن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىكى تاغ
جىلغىلىرىدا دائىم قاتتىق گۈلدۈرماملىق يامغۇر ياغىدىكەن.

بۇ ۋاقىت قىش پەسلى بولغاچقا، سۇ خېلى پەسىيىپتۇ، ئەمما يەنىلا دولقۇنلاپ تۇراتتى. سۇ ئۈن تارامغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بەزى جايلىرى كەڭ ھەم تېيىز، بەزى جايلىرى تار ھەم چوڭقۇر ئىكەن، قارشى قىرغاق نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئات ھارۋىسى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان لاي سۇلۇق دەرياغا كىرگەندە، ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ سۈر باسىدىكەن. چۈنكى، سۇ ئېقىتىپ كەلگەن يوغان تاشلار ھەر ۋاقىت ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولغاچقا، پەقەت مول تەجرىبىلىك يولۇچىلارلا بۇ دەريادىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتەلەيدىكەن.

دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا، ھەرگىزمۇ ئىتتىك ئېقىۋاتقان ئېقىنغا قارىماسلىق لازىم ئىكەن، بولمىسا شىددەتلىك ئېقىن باشنى قايدۇرۇپ، ئادەم ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىكەن، تەلىيىمىزگە ئاتلىرىمىز چەبدەس بولغاچقا، قارشى قىرغاققا قاراپ بىمالال يۈرۈپ كەتتى. بىراق، دەريادىن ئۆتۈشتە يەنىلا ئۆكۈزگە تايانغان ياخشىراق ئىكەن. چۈنكى ئۆكۈز مۈدۈرۈلۈپ كەتسە، دەرھال سۇ ئۈزۈپ قارشى قىرغاققا ئىلگىرىلەيدىكەن. بىز بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ھەپىلىشىپ، ئاران دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا يېقىنلاشتۇق. ئەمما، قىرغاققا ئاز قالغاندا، ئات تۇيۇقسىز مۈدۈرۈلۈپ كەتكەچكە، بىز سۇغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدۇق دەپ قاتتىق ھودۇقۇپ كەتتۇق. قىرغاقتىكىلەرمۇ چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ، بىزگە ياردەم بېرىشكە تەييارلاندى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئات خۇددى خەۋپنى بىلگەندەك بىر كۈچىنىپلا سۇنىڭ تېيىز يېرىگە بۇرۇلدى. بىز قىرغاققا چىقىپ قونالغۇغا يېتىپ بارغاندا، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەنىدى.

قونالغۇ ئىگىسى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى ھەم بىردەمدىلا ھۇجرىلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلاپ، ئالدىمىزغا ئىسسىق سۈت چاي ۋە قايماقلارنى ئەكەلدى. ئۇلار يەنە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ھارۋىكەشلەرنىمۇ چاقىرىپ، ئۇلارغ-

لارغا ئوبدان يەم بەرگەندىن كېيىن ئېغىلغا ئاپىرىپ باغلاپ قويدى ھەمدە بىر سائەت ئىچىدىلا بىر ئۇستەللىك مول كەچلىك تاماق ھازىرلىدى.

ئۆي ئىگىسى بىزگە ئاتاپ ئالايىتەن بىر قوي سويۇپ، قورۇما ۋە مانتىلارنى تەييارلاپتۇ. غەربىي شىمال خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقى ۋە مەيلى باي ياكى گاداي بولسۇن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

ئەتىسى تېخى تاڭ يورۇماستىنلا، ئاتلارنىڭ كىشنەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئورنىمىزدىن تۇرغاندا، يۈك - تاقلار ئاللىقاچان تېڭىپ تەخلەپ قويۇلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىز سەھەردىلا ئۆي ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ، تۇپتۈز قۇملۇقتا خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ جىلغىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق.

جىلغىغا كېلىپ قارىساق، ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەيلا تىك يار ئىكەن. تار ئارىلىقتىن ئادەم ئارانلا ئۆتكىلى بولاتتى، ئالدى تەرەپتە يايپېشىل تاغ تىزمىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ كۈنى بىز جىلغا ئارقىلىق تاغ چوققىسىغا چىقىدىغان بىر تار چىغىر يولنى بويلاپ ئىلگىرىلىدۇق. جىلغا ئىچىدە ئۆركەشلەپ تۇرغان بىر ئېقىن بولغاچقا، ئۇنىڭدىن كېچىپ ئۆتتۇق. ئالاھازەل چۈش مەزگىلىدە، بىز بىر ئېگىز شىپاڭغا كەلدۇق، بۇ دەل پاسىل بەلگىسى ئىكەن.

مۇشۇ ۋاقىتتىلا، بىز ئاندىن زاڭزۇلارنىڭ يېرىگە قەدەم باسقانلىقىمىزنى بىلدۇق.

قاش قارايغان چاغدا، بىز بىر ئوتلاققا كېلىپ چېدىر تىكتۇق. بۇ يەردە بىر كەپە بولۇپ، بۇ بىز كۆرگەن تۇنجى تۇرالغۇ ئىدى. كەپىدە بىر بوۋاي تۇرىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە بېغىغا تايىنىپ جان باقىدىكەن. ئۇنىڭ كەپىسى بوران - چاپقۇندا يولۇچىلارغا دالدا بولىدىغان بىردىنبىر پاناھ جاي ئىكەن.

بىز چوڭ قازاندا لىق شوۋىگۈرۈچ قايناتتۇق. گەرچە ئوتياش

سىلىنمىغان بولسىمۇ، كۆپچىلىك چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ ئىنتا-
يىن ھۇزۇر بىلەن ئىچىشتى. ئەمما، شوۋىگۇرۇچنى تېخى ئىچىپ
بولمايلا، توساتتىن تاغ تەرەپتىن قارا بوران چىقىپ، ھەش -
پەش دېگۈچىلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. بوران ئۆتۈپ كەت-
كەندىن كېيىن قارىساق، چېدىرىمىز يەردە قىڭغىيىپ يېتىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن، بىز يېقىن ئەتراپتىكى ھەرىنىڭ كۆنىكىگە ئوخ-
شايدىغان بىر كىچىك تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ پاناھلاندۇق. بۇ
ئەسلى ئوت - چۆپ قويىدىغان جاي ئىكەن. ھېلىقى بوۋاي بىزگە
يىلان بار دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بىز ئانچە پەرۋا
قىلىپ كەتمىدۇق.
تەلىيىمىزگە بۇ ئاخشام يىلانمۇ كۆرۈنمىدى، شۇنىڭ بىلەن
خاتىرجەم بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق.
ئەتىسى بىز قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان، ئوت - چۆپلەر
بۇلۇق ئۆسكەن، كۆپكۆك ئىرىسگۈل، مەخمەلگۈل ۋە ياۋا ئەتىر-
گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تاغ ئارىسىدىكى بىر تۇزلەڭ-
لىككە كەلدۇق. يىراقتا لاما ئىبادەتخانىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
يول بويىدا بىر ھەيۋەتلىك ئۇچلۇق تاش ئابىدە قەد كۆتۈرۈپ
تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر قېتىم
ئۆتكەن يولۇچىنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىدىكەن. تاغ جىلغىسى
تەرەپتىن ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان شامالدا ئىرغاڭلاپ تۇرغان دە-
رەخ شاخلىرىغا ئايەت پۈتۈلگەن تۇمارلار ئېسىلغان بولۇپ، شامال-
دا لەرزان لەپىلدەيتتى. جىلغىغا ئېقىپ بارىدىغان ئېقىننىڭ
ئوتتۇرىسىدا نەپىس قاتۇرۇلغان بىر بۇت بار ئىدى. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، زائىرلار ئۇنىڭ ئالدىن ئۆتكەندە دەررۇ ئېتىدىن چۈ-
شۈپ باش ئۇرىدىكەن.
قىيالىقتا ئاق شەمشاد بۈك - باراقسان ئۆسكەن بولۇپ،
ھەممە يەرنى سۈس قىزىل كەترەن ۋە ئالتۇن رەڭ مۇخلار قاپلىغا-
نىدى. چاتقاللارنىڭ ئارىسىدىمۇ سېرىق ۋە قارا رەڭلىك غۇنچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

لاما ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ بارغان ۋاقتىمىزدا، قىزىل تون كىيگەن بىر توپ لاما ۋە گېگەنلەر دەرھال ئالدىمىزغا كېلىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە بىر ئەپلىك جاينى تاللاپ چېدىرىمىزنى تىكىشىپ بەردى. يېنىمىزدا بىر كىچىك ئېقىن ھەم ئورمان بولغاچقا، سۇ ۋە ئوتۇن ـ ياغاچتىن غەم قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن، يايلاق تەرەپتىن بىر توپ زاڭزۇ ئاياللىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلار ئېقىندىن كېچىپ ئۆتۈپ بىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇلار ئىنتايىن قىزىقسىنغان ھالدا بىزگە قاراپ، ئايال ھەمراھلىرىمىزنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، بۆكلىرىنى كىيىپ بېقىشاتتى، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كىيىۋالغىنى بىر خىل ئېگىز ئاق كىگىز قالپاق بولۇپ، چۆرىسىگە چىرايلىق پۆپۈك چىقىرىلغانىكەن، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى ئىنتايىن چىرايلىق بولىسىمۇ، ئەمما پۇتلىرىغا كۆرۈمسىز ئۆتۈك كىيىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن ياغلىق چىگىۋالغان، ئۇستىگە ئۈنچە ـ مارجان، ئاپئاق قولۇلە قاپلىرى ۋە چىرايلىق ياقۇت، زۇمرەتلەرنى قادىۋالغانىكەن.

بىز ئەگەر باراۋەر ۋە دوستانە مۇئامىلىدە بولساقلا، زاڭزۇلار بىلەن يېقىن قېرىنداشلاردىن بولۇپ قالىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. ئۇلار بىز بىلەن ناھايىتى ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى. كېيىن بىلەكلىرىمىزدىكى سائەتنى كۆرۈپ، ئىنتايىن قىزىقىپ قېلىشتى. ئارىمىزدىكى فوسفورلۇق سائەت تاقىۋالغان بىرەيلەن ئۇلارغا بۇ سائەتنىڭ قاراڭغۇدا نۇر چاچىدىغانلىقىنى، قايسى ۋاقىت بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، لامالارمۇ دەرھال ئەتراپىمىزغا يىغىلدى. ئۇلار بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، يەردە غۇژمەك بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ، قىزىل تونلىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىشىپ، كى-

چىككىنە قاراڭغۇلۇق ھاسىل قىلدى ۋە بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەن-
گەندىن كېيىن چۇقان كۆتۈرۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەت-
راپتىكىلەرمۇ دەۋرەپ كېلىپ قولدىن ـ قولغا ئېلىپ تالىشىپ
كۆرۈشتى.
بۇ ھەيران قالارلىق خەۋەر شۇ ھامان لاما ئىبادەتخانىسىغا
تارقىلىپ، باش گېگەن بىر لامانى ئالدىمىزغا چىقىرىپتۇ. ئۇ
بىزدىن قاراڭغۇلۇقتا نۇر چاچىدىغان بۇ ئاجايىپ گۆھەرنى سوراپ
ئەكەتتى ھەمدە ئەتە ئەتىگەندە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
گۇاڭلۇڭ ئىبادەتخانىسىدا جەمئىي ئالتە گېگەن بولۇپ،
ھېلىقى گېگەن ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارى-
غاندا، ئۇ يەتتىنچى ئەۋلاد گېگەن ئىكەن. ئىبادەتخانىدا يەنە 17
لاما بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى تېخى كىچىك بالا ئىكەن.
چۈنكى، زاڭزۇلارنىڭ دىنىي ئادىتى بويىچە، ھەربىر ئائىلىدىن
بىر ئوغۇل ئىبادەتخانىغا كىرىپ لاما بولىدىغان بولغاچقا، نۇرغۇن
كىچىك لامالار يېتىشىپ چىققانىكەن.
يىغىلىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى، زاڭزۇلار بارغانسېرى
كۆپەيگىلى تۇردى. توپ ـ توپ زاڭزۇ ئاياللىرىمۇ يىغىلىشقا
قاتنىشىش ئۈچۈن، ئۆزۈن سوزۇلۇپ ياتقان ئېگىز تاغ قاپتاللى-
رىدىكى تار ھەم تىك يوللاردا ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇشۇپ
كېلىشمەكتە ئىدى.
زاڭزۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇستا چەۋەندازلاردىن بولۇپ، ئا-
ياللىرى باتۇرلۇقتا ئەرلىرىدىن قېلىشمايدىكەن. قىزلار ئات ئۈس-
تىدە تىزگىننى چىڭ تۇتۇپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇشسا، مومايلارمۇ
ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرىدىكەن. ئۇلار يەنە ياۋىداق ئاتقا مىنە-
لەيدىغان بولۇپ، ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئېتىدىن ئىرغىپ
چۈشكەندە قىزلىرى ياكى قىز نەۋرىلىرى كېلىپ تەرلەپ كەتكەن
ئاتلارنى سوۋۇتىدىكەن.
ئىبادەتخانا يىغىلىشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئاتلىق كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زاڭزۇلار يەنە نەزىر قىلدۇرۇش ئۈچۈن گۆش، سېرىقماي، پىشلاق، قۇرۇتلارنىمۇ ئالغاچ كېلىدىكەن. بۇنىڭغا جاۋابەن گېگەنلەر ئۇلارنى باشلاپ ئىبادەتخانىنى ئايلاندۇرىدىكەن ھەمدە نوم ئوقۇپ ئۇلارغا بەخت تىلەيدىكەن.

ئەتە ئىبادەتخانا يىغىلىشى باشلىنىدۇ دېگەن كۈنى يېرىم كېچىدە بىز بىر ئاۋازدىن ئىختىيارسىز ئويغىنىپ كەتتۇق. ئەسلىدە مۇراسىمغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان لامالار ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ، لەمپىدە قاتارلىشىپ ئۆز ئۈنلۈكى ئون چى كېلىدىغان بۇرغىلارنى چېلىشىۋاتقان بولۇپ، ئاۋازى تولىمۇ قوپال ھەم بوم ئىدى. بۇ يىغىلىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان لامالار توپ - توپ بولۇپ ئىبادەتخانىغا كىرىشكە باشلىدى، گېگەنلەرمۇ ئالدىغا چىقىشتى.

ئەتىگەن سائەت نەق توققۇز بولغاندا، لاما ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچىدىكى چۆپلۈك سەينا ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئىخلاسمەنلەر بىلەن لىق تولدى. چۈنكى، بۈگۈن «جىن قوغلاش» ئۇسۇلى ئوينىلىدىكەن. رەت - رەت تىزىلغان لامالار ئۆزلىرىنىڭ گېگەنلىرىنى ئارىغا ئېلىپ، سۇپىدا ئولتۇرۇشتى. بۇ گېگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئىبادەتخانىدىكى گېگەنلەر، بەزىلىرى ئالايىتەن كەلگەنلەر بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا بىردىن سېرىق تاۋار كۈنلۈك تىكلەكلىك ئىدى. ئاخىرىدا ھېلىقى چوڭ گېگەن، يەنى گېگەنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۈچلىرىغا سېرىق رەڭلىك كاسايا ئارتىۋالغان، باشلىرىغا خورازنىڭ تاجىسىغا ئوخشايدىغان بۆك كىيىۋالغانىدى. باش گېگەن چىقىپ كېلىشى بىلەنلا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا باش ئۇرۇشتى. تېخىمۇ خۇراپىيراق ئىخلاسمەنلەر بولسا، ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەن توپىنى ئۆيىگە ئەكېتىش ئۈچۈن ئوچۇملاپ ئېلىۋېلىشتى. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە، مال - ۋارانلىرىغا ئامەت كېلىدىكەن.

مۇراسىمغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان لاما بەلگە بەرگەندىن كېيىن، ئىبادەتخانىنىڭ يوغان دەرۋازىسى ئېچىلىپ، ئۇچىسىغا غەلىتە كىيىم كىيىۋالغان، بېشىغا ئىسكىلىتىنىڭ نىقابىنى تاقىۋالغان ئىككىيلەن چىقىپ كەلدى. ئۇلار سازنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ، بىر هازاغىچە ئۇيان - بۇيانغا يەڭگىل سەكرەشكەندىن كېيىن كىرىپ كېتىشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مال - چارۋا، مول هوسۇل ۋە ئائىلىنى قوغدايدىغان تۈرلۈك ئىلاهلارنىڭ سىياقىدا ياسىنىۋېلىشقانلار مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغاندىكى هەرىكەت ۋە قىياپەتلىرى ئىنتايىن سىرلىق بولۇپ، بىر - بىرىگە ئوخشاشمايتتى. ئىلاهىي قۇش سۈپىتىدىكى بۈركۈتنىڭ نىقابىنى تاقىۋالغان بىرى تاماشىبىنلارنىڭ ئەڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. چۈنكى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىلاهىي قۇش ئەرۋاهلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ، زاڭزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتى تاغقا قويۇپ قويۇلىدىكەن، ئەگەر شۇ هامان بۈركۈت كېلىپ ئۇنى ئەكەتسە، ئۇ هالدا ئۇ ئادەم دوزاختا ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە ئۇچراشتىن خالاس بولىدىكەن.

ئۇسسۇل ئوينىلىۋاتقان مەيدانغا بىر قونچاق[1] قويۇپ قويۇلغان بولۇپ، هېلىقى بۈركۈتنىڭ نىقابىنى تاقىۋالغىنى يەڭگىل دەسسەپ قونچاقنىڭ ئۈستىدە بىردەم ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز قونچاقنى قامالاپ كۆتۈرۈپ يېنىدىن بىر پىچاقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قالايمىقان تىقىۋىدى، دەرۋەقە ئۇنىڭدىن قىپقىزىل قان ئېقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، هېلىقى بۈركۈتنىڭ نىقابىنى تاقىۋالغىنىمۇ كىرىپ كەتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا گۇلدۇرماما ئىلاهلىرى ئۇسسۇل ئوينىدى. ئۇلار ئۇچىسىغا گۇللۇك تاۋار كىيىم كىيىۋالغان، قىپقىزىل ئاغزى ۋە كاماردەك كۆزلىرى بار يوغان قارا نىقاب تاقىۋالغان

---

① قەدىمدە ئۆلۈك بىلەن بىللە كۆمۈلىدىغان قونچاق — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇسسۇل ئويۇنىغاندىكى قىياپىتى ئىنتايىن نەپىس ئىدى. ھەدەپ چېلىنىۋاتقان داقا - دۇمباق ۋە جاڭلارنىڭ ئاۋازى كىشىگە شىددەتلىك بوران چىقىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. گۈلدۈرماما ئىلاھلىرى بولسا توختىماستىن پىرقىراپ، ھەر تەرەپكە تىزلىنىپ باش ئۇراتتى.

ئەتراپتىكى خۇراپىي ئىخلاسمەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ۋاقىتتا ئەگەر بۇددا خۇشال بولۇپ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتسە، ئۇ ھالدا جاڭ ئۇرۇلۇشى بىلەنلا، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ چاقماق چېقىپ، قاتتىق يامغۇر ياغىدىكەن. ئەمما، بىز خېلى بىر ھازاغىچە قارىغان بولساقمۇ، ئاسمانمۇ تۇتۇلمىدى، يامغۇرمۇ ياغمىدى، قۇياش يەنىلا كۆكتە پارلاپ تۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇلار بىلەن تالىشىپ ئولتۇرماي، مىيىقىمىزدىلا كۈلۈپ قويدۇق.

چۈشتىن كېيىنكى مۇراسىم يەنە باشقىچە بولدى. چوڭ لامالار بىر چوغدانىنى چۆرىدەپ يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئولتۇرۇشقان بولۇپ، چوغداندىن يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار بېشىغا ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك ئېگىز تەلپەك كىيىۋالغان، تەلپەكنىڭ ساڭگىلاپ چۈچىلىرى پېشانىسىنى يېپىۋالغان، ئۈچىسىغا ھەشەمەتلىك كاسايا ئارتىۋالغانىدى. كاھىنلار بولسا ئوڭ قولىغا قوڭغۇراق، سول قولىغا ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل ئەسۋاب تۇتۇۋالغانىدى. دۇئا - تىلاۋەت باشلىنىش بىلەنلا، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ بارا - بارا ئەۋجىگە چىقتى. چوغدانغا ياغ قۇيۇلۇپ تۇرغاچقا، يالقۇن تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوغدانغا تاشلانغان بوغداي، قوناق، ياغاچ، شال پاخلى ۋە ئەپيۇن غوزەكلىرى يالقۇندا تېخىمۇ پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. قوڭغۇراق، ساز ۋە جاڭ ئاۋازلىرى، تۇرۇلۇپ چىققان ئىس - تۈتەكلەر ئەتراپنى بىر ئالدى.

بۇ چاغدا كىچىك لامالارنىڭ چىرايىدىكى سەبىيلىك ئىپادىلە-

ـرى ئاللىقاچان يوقالغان بولۇپ، پەقەت نۇرسىز كۆزلىرى پىل-
دىرلاپ تۇراتتى. ئەمما، قېرى لامالارنىڭ چىرايىنى بىر خىل
چۈشىنىكسىز، قورقۇنچلۇق ئىپادە قاپلىۋالغانىدى. قارىماققا،
خۇراپىيلىق ۋە دىن ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋال-
غاندەك قىلاتتى.

يىغىلىش تۈگىگەندىن كېيىن، زائىرلارنىڭ ھەممىسى چې-
دىرىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، چېدىرىمىز بىر
قايناق بازارغا ئايلاندى. زائىر ۋە ئەر ـ ئاياللار بىز بىلەن خۇشال
پاراڭلىشىپ ۋە چاقچاقلىشىپلا قالماي، يەنە تېخى نۇرغۇن يېمەك-
لىكلەرنىمۇ سوۋغا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، غورىگىل چېدىرىمىزدا
نۇرغۇن يېڭى يېمەكلىكلەر پەيدا بولدى. ئەمما، ئۇلار بىز قويغان
يېمەكلىكلەرنىمۇ خېلىلا ئازايتىپ قويدى. ئۇلارنىڭ بىزگە بەر-
گەن سېرىقمايلىرىنىڭ پۇرىقى غەلىتىلا بولۇپ، ئارىسىدا قوتاز
تۈكلىرىمۇ بار ئىكەن، پىشلاقلىرىنىڭ تەمى قىرتاق، قۇرتلىرى
قاتتىق ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بىز زائىرۋلارنىڭ يېمەكلىكلە-
رىگە ئېغىز تەگكەنلىكىمىزدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق.

ھاۋا رايى سەۋەبىدىن، زائىرۋلار كۆپ ۋاقىتلاردا بويىنى
سۇغا سالالمايدىكەن، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئەۋج ئالغانلىقتىن،
ئاياللار پەقەتلا بىر قىسىم ئەرلەرنىڭ ئورتاق مۈلكى ئىكەن،
شۇڭا ئالتىدىن بىر قىسىم ئەركەك خوتۇن ئالالماي، ئۆمرىنى
بويتاق ئۆتكۈزىدىكەن.

زائىرۋلار ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەبىقىگە — لامالار ۋە
ئاددىي خەلققە ئايرىلغانىكەن. ئاددىي پۇقرالار پۈتۈنلەيلا ساۋاتسىز
ھەم ساددا بولۇپ، ئۇلار دائىم بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ـ
كېتىپ تۇراتتى ھەمدە ھەرخىل يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئالغاچ
كېلەتتى، بەزىدە ئۇلارنى بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزگىمۇ ئالماش-
تۇراتتى، لامالار بولسا مۇشۇ ئاددىي خەلققە تايىنىپ جان

www.uyghurkitap.com

باقىدىغان بولۇپ، ئاددىي پۇقرالار خۇددى ئۇلار ئۇچۇنلا تۇغۇلـ-
غاندەك ئۇلارنىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقلىرىنى زىممىسىگە ئالـ-
غانىكەن. شۇ سەۋەبتىن، لامالار ئۇلاردىن تېخىمۇ ئوبدان پايدىـ-
لىنىش ئۇچۇن، ئۇلارنى پۇتۇنلەي نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق
پاتقىقىغا پاتۇرۇۋەتكەنىكەن.

# ئۈچىنچى باب

# جىيايۈگۈەنگە بېرىش

## 1 . سەنخېدىن لىنزېغىچە

جاڭيېدىن چىقىدىغان چېغىمىزدا، دوستلار ناھايىتى ئېسىل زىياپەت تەييارلاپ بىزنى ئۇزىتىپ قويدى ۋە سەمىمىيلىك بىلەن بىزگە: «ئۆيدە ئوبدان غىزالىنىۋالمىسا، سىرتتا قورساق تويدۇرماق تەس» دېدى. بۇ شۇ يەردە كەڭ تارقالغان بىر ھېكمەتلىك سۆز ئىكەن. شۇڭا، بىزمۇ تويغۇچە غىزالاندۇق. ئۇلار بىزنى قارا دەريانىڭ بويىغىچە ئۇزىتىپ قويدى، بۇ ۋاقىتتا قۇياشمۇ ئاستا - ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى.

بىز ئون چاقىرىمدىن ئارتۇقراق ماڭغاندىن كېيىن، بىر قونالغۇغا يېتىپ كەلدۇق ۋە بۇ يەردە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق.

كۆپرەك جايلارنى كۆرۈش ۋە غەربىي شىمالنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئوبدانراق چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ قېتىم جىيايۈگۈەنگە بېرىشنى قارار قىلدۇق ۋە ئامال بار ئالدىرىماي ماڭدۇق، ھەتتا ئەتەي يىراق جايلاردىن ئايلىنىپ ئۆتتۇق. ئادەتتە بولسا يولۇچىلار بۇنداق قاقاس يەرلەردىن ئىتتىكرەك ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلايتتى.

بۇ يەردىكى دالىلار جاڭيېنىڭ جەنۇبىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، قارلىق چىلىيەنشەن تېغى بىزگە ئاستا - ئاستا يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئىچكى موڭغۇل تاغلىرى بولسا بارا - بارا كىچىكلەپ، دۆڭلۈككە ئايلىنىپ، ئاخىرىدا بىپايان

قۇملۇقتا غايىب بولاتتى. كەڭ دالا بارغانسېرى تارىيىپ، غەربكە ئۈزۈن سولۇزۇپ ياتاتتى.

بىز يېتىپ بارغان تۇنجى مۇھىم بازار سەنخې بولدى. ئۇ بىر مۇنبەت بوستانلىقا جايلاشقانىكەن. سەنخېدىن ئىككى - ئۈچ چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، بىز بىر قۇملۇق جايغا قەدەم باستۇق، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ئات - ئۇلاغلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن پىيادە مېڭىشتى. بىز ئاجايىپ سىرلىق ھېسسىياتتا يۇمشاق قۇملۇق ئۈستىدە تەستە ئىلگىرىلىدۇق. يول بويىدا رەڭگى قۇملۇقنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان ئۇششاق كەسلەنچۈكلەر باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قارىشاتتى، ئەمما يېقىن بېرىشىمىزغىلا پەرتىتىدە قېچىپ كېتەتتى.



غەربكە قاراپ ماڭغان ئات ھارۋىسى

30 چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، بىز بىر سازلىقتىن ئۆتۈپ، لىنزې (فۇيى) غا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە سۇگۈچ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، يول بويى باش ئۈستىمىزدىلا پەرۋاز قىلاتتى، ئەمما ئۇلار ئىنتايىن سەزگۈر بولغاچقا، پەقەت تۇتقىلى بولمايتتى. يول بويىدىكى چاتقاللىقلاردا قىزىل، سېرىق قۇشقاچ-

لار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.
لىنزى بىز كۆرگەن ئەڭ كىچىك شەھەر بولسىمۇ، ئەمما
شەھەر ئەتراپىدا مۇنبەت ئېتىزلار ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەر بولۇپ،
بۇلارنىڭ ھەممىسى بايلارنىڭ ئىكەن. سېپىل تاملىرىغا ئەپيۇن-
كەشلەر ۋە قىمارۋازلارنىڭ ھالاكىتى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر
سىزىلغانىكەن.
بىز يېقىن ئەتراپتىكى بىر قورۇققا بېرىپ، قونماقچى بول-
غانلىقىمىزنى ئېيتتۇق، تەلىيىمىزگە قورۇق ئىگىسى تەلەپ-
مىزنى رەت قىلمىدى.
بۇ گەنسۇدىكى قويۇق قەدىمىي پۇراققا ئىگە بىر دېھقان
ئائىلىسى ئىكەن. كەڭ قورۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز تاملار
بىلەن قورشالغان بىر قورغان بولۇپ، خۇددى ياۋروپادىكى كې-
نەزلەرنىڭ قەدىمىي قەلئەلىرىگە ئوخشايدىكەن. قورغاندا ئۆي
ئىگىسى ۋە ئائىلىسىكىلەر بولۇپ 20 ~ 30 ئادەم ئولتۇرىدى-
كەن. يوغان دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا ئالتە - يەتتىدەك زاغزۇ ئىتى
باغلاقلىق بولغاچقا، ناتونۇش كىشىلەر ۋە ئوغرى - قاراقچىلار
ئاسانلىقچە كىرەلمەيدىكەن. بۇ قورغاندا ياشاۋاتقانلارنىڭ ئىدىيە-
سىمۇ خۇددى قورغانغا ئوخشاشلا ئىنتايىن بېكىنمە بولۇپ، ئې-
گىز تام ۋە يوغان دەرۋازا ھەممىنى توسۇپ قويغاندەك، ئۇلار
بارلىق يېڭىلىقلارغا قارشى ئىكەن.
بىز ئىككى تەرىپىدە ئاقتېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان تۇپتۇز
يول بىلەن ھويلىغا كىردۇق. ئۇ تەرەپتىكى ئېتىزدا بىر توپ
كۆك قوتان بوينىنى سوزۇشقىنىچە قاراپ تۇراتتى. ھويلىدا بىر-
نەچچە سۇرلۇك تايغان تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلاغلىق تۇراتتى،
ئوتاقچى بىزنى ئىتتىن قوغداپ ھوجرىغا باشلاپ ماڭدى، سىرتتا
ئوتلاقتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن بىر تۆگە كارۋىنى كۆرۈندى.
ئاڭلىساق ئۇلار ھەر يىلى بىر قېتىم يەرلىك مەھسۇلاتلارنى
ئېلىپ بېيپىڭغا بېرىپ، ئۇ يەردىن ئەرزان ياپون ماللىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ قايتىپ كېلىدىكەن. ئېغىللاردا ئاتلار بوغۇز يەۋاتاتتى، دالىدا سانسىز قويلار ئوتلاپ يۈرەتتى.

قورۇق ئىگىسى بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئۆيدىكى ئايلار ۋە بالىلارمۇ بىزنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىمىزغا چىقىشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىپپېڭى كىيىملەرنى كىيىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كونىچە پاسوندا ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېشى چوڭراق بىرنەچچەيلەن بىز بىلەن ئولتۇرۇپ بىردەم پاراڭلاشتى. ئۆي ئىگىسى بىزگە يەنە لىنزىي شەھىرىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، لىنزىي كىچىك بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ھۆكۈمەت مەكتەپلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن. لەنجۇدىكى ئۆلكىلىك مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

## 2. باي گاۋتەي شەھىرى

تېخى تاڭ يورۇماستىنلا، بىز گاۋتەيگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇ جيۇچۈەن بىلەن جاڭيېنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىككىنچى مۇھىم شەھەر بولۇپ، گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ باي جايلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنىڭ بايلىقىنى كوندە بولىدىغان بازارلىرىدىنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن، تۈرلۈك سەي ـ كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر بازاردا تۆكمە ئىكەن. بىز يەنە خېلى ئۇزۇن ماڭمىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇزۇم، چىڭسەي، ياڭيۇ، چەيزە ۋە پىياز قاتارلىقلارنى سېتىۋالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دېھقانلار ئۆزلىرى توقۇغان بىر قىسىم بۇيۇملارنىمۇ سېتىۋالدۇق. چۈنكى، بۇ يەردىن باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاشمايدىغان بىر خىل ئەلا سۈپەتلىك پاختا چىقىدىغان بولۇپ، دېھقانلار بىر خىل ئېپتىدائىي توقۇش ئۈسكۈنىسىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل بۇيۇملارنى توقۇيدىكەن. گاۋتەيدىن يەنە بىر خىل ئېسىل كوكس كۆمۈر چىقىد-

دىغان بولۇپ، كۆيگەندە پەقەت ئىس چىقمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھارارىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بىرنەچچە سائەت كۆيىدىكەن. ئەمما، ئىشلىتىپ باقمىغان ئادەم ئۇنىڭ پۇرىقىغا تازا كۆنەلمەيدىكەن.

گاۋتەيدىن جيۇچۇەنگە بارىدىغان ئىككى يول بولۇپ، كىشلەر پەسىلگە قاراپ قايسى يولدا مېڭىش ئەپلىك بولسا، شۇ يولدا ماڭىدىكەن. بىز بۇ قېتىم چىلىيەنشەن تېغىنىڭ باغرىدىكى دۆڭ شېغىللىق يول بىلەن ماڭدۇق. ئۇششاق قارا تاشلار ياتقۇزۇلغان شېغىللىق يول بىپايان دالىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

## 3. قەدىمكى تاشلاندۇق شەھەر — «تۆگە شەھىرى»

گاۋتەيدىن چىققاندىن كېيىن، بىز تۇنجى بولۇپ «تۆگە شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خارابە شەھەرگە كەلدۇق. بۇ موڭغۇللار گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە قېپقالغان شەھەر ئىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشچە، ئۇ موڭغۇل خانى كۈچەيگەن مەزگىللەردىكى مەركىزىي شەھەر بولۇپ، بۇ موڭغۇل ھۆكۈمرانى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 ~ 700 يىللار ئىلگىرى ھۆكۈم سۈرگەنىكەن.

بۇ بىز تۇنجى كۆرگەن چوڭ خارابە شەھەر بولغاچقا، كۆپچىلىك ئىنتايىن قىزىقىپ قېلىشتى.

شەھەرنىڭ لاي بىلەن قوپۇرۇلغان سېپىللىرى يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، نۇرغۇن چوڭ - كىچىك ئۆيلەر چوقچىيىپ تۇراتتى. ئەمما، ھازىر بىرەرمۇ ساق ئۆي قالمىغان، پەقەت بىرلا بۇتخانا ۋە بىر ئېغىز ئۆي ساقلىنىپ قاپتۇ، ئىچىدە بىر جۈپ قېرى ئەر - خوتۇن ئولتۇرىدىكەن. بۇ ئەتراپ قاقاسلىق بولغاچقا، تاغ ئوغرىلىرىنىڭ ماكانى ئىكەن. شۇڭا، ھارۋىكەشلەر

بۇ يەردە قونۇشنى پەقەت خالىمايدىكەن. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا كۆن غەربكە قىيىلغان بولۇپ، بىز ئەتىگەندىلا يولغا چىققان بولغاچقا، ئات ـ ئۇلاغلارمۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ھارۋىكەشلەرگە بۇگۈن ئاخشام ھەرقانداق خەتەرگە قارىماي بۇ يەردە قونىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق.

بىز ھېلىقى كونا بۇتخانىنىڭ سەيناسىدا ئايلىنىپ يۈرۈۋېتىپ، تۇيۇقسىز بىر بۇت تەكچىسىنىڭ يېنىدا ئىككى كىشىنىڭ ھەمىيانلىرىنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردۇق. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ئويغىنىپ، تىنۇش چىقارماي تىمىسقىلاپ ماڭغىنىچە نەلەرگىدۇر يوقالدى.

بىز بۇنىڭدىن شۇبھىلىنىپ، ھېلىقى ئۆيدىكى مومايدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىدۇق. ئۇ گەپمۇ قىلماي ھەمراھىمىنىڭ يېڭىدىن تارتقىنىچە ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ ئاستاغىنە: «ئۇ ئىككىسىنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بىزمۇ سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق، ئەمما ئۇلار بۇ يەردە ئىككى كۈن يوشۇرۇنۇپ يۈردى» دېدى.

بىز يەنىلا بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ھېلىقى قاراڭغۇ بۇتخانىنىڭ ئىچى ـ تېشىغا بىرھازاغىچە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، بىزدىن ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم نېرىدىكى تۆگە كارۋىنى چۈشكۈن قىلغان جايغا بېرىشنى قارار قىلدۇق. چۈنكى، بۇ ئەتراپتا ئۇلاردىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئۇلار چېدىرنى بىر چۆپلۈكنىڭ يېنىغا تىككەن بولۇپ، بىر تۆگىچى تۆگىلەرنى ئوتلىتىۋاتاتتى. كارۋانبېشى بىزنى كۆرۈپلا، چېدىرنىڭ ئالدىغا باغلاپ قويۇلغان ئىتلارغا قاراپ بىر ئىسقىرتىۋىدى، ئۇلار دەرھال چېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ھېلىقى ئوتلاۋاتقان تۆگىلەر يىراققا كېتىشكەنىدى.

كارۋانبېشى بىزنى چېدىرغا باشلاپ كىردى ۋە چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. تۆگىچىلەرمۇ بىر چەتتە ئولتۇرۇشتى.

بىز بىرەر سائەتتەك ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن پاراك سىلىشقان-
دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يولغا چىقماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ،
ئۇلار بىلەن خوشلاشتۇق. ھېلىقى كارۋانبېشى زېرەك ھەم تەربى-
يە كۆرگەن كىشى ئىكەن. بىز يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ
بىرلا ئىسقىرتىۋىدى، ھېلىقى ئىتلار قاۋاشقىنىچە تۆگىلەرنى
بىر- بىرلەپ يىغىپ كەلدى. تۆگىچىلەر يۈك ـ تاقلارنى ئارتىپ
تەخ قىلغۇچە، ئۇلار بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشتى.

كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا، تۆگە كارۋىنىمۇ غەربكە يۈرۈپ
كەتتى. پەقەت كولدۇرمىلارنىڭ لەرزان ئاۋازىلا يىراقتىن ئاڭلى-
نىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا، ئۇزۇن سەپ تارتقان كارۋان ئۇپۇقتا
ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى.

بىز ئۆزىمىز تۇرغان جايغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ھارۋى-
كەشلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ بىزگە ئۆزلىرىنىڭ بىر خەۋپنى سەز-
گەنلىكىنى، بۈگۈن ئاخشام «تۆگە شەھىرى» دە چوقۇم بۇلاڭچى-
لار پەيدا بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ يەردىن دەرھال كېتىشىمىز
كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، «ئات ـ ئۇلاغلارنى تەخلەپ قويدۇق،
قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى چوقۇم يولغا چىقىشىمىز كېرەك»
دەپ بىزنى مېڭىشقا ئالدىراتقىلى تۇردى. بىز قانچە تالاش ـ
تارتىش قىلىپ چۈشەندۈرسەكمۇ، ھېچبىر پايدىسى بولمىدى،
شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بول-
دۇق. شۇنداق قىلىپ، بۈگۈن ئاخشامقى ئۇيقۇمىز ھارام بولدى.

## 4. يەنچى ئۆتىكى

جىيۇچۈەنگە يەنە ئۈچ ئۆتەك قالغان ۋاقىتتا، بىز يەنچى
ئۆتىكى[1] دىن ئايلىنىپ ئۆتتۇق. ئۆتەك يېنىدا بىر توپ ئىشچى-

[1] يەنچى ئۆتىكى — توزكۆل ئۆتىكى دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لار يەر قىزىۋاتاتتى، قىزىلغان دۆۋە - دۆۋە توپىلار چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى دەريا سۈيى ئەڭ ئېگىز ئۆرلەيدىغان بولۇپ، ياز كەلگەندە سۇ ئاستا - ئاستا پەسىيىپ، يەر يۈزىدە نۇرغۇن تۇز كرىستاللىرى قالىدىكەن، مۇنداق تۇز كرىستاللىرى ئىنتايىن پاكىز بولغاچقا، تازىلىمايلا ئىشلەتكىلى بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھازىر قېزىۋاتقىنى دەل مۇشۇنداق تۇز كرىستاللىرى ئىكەن.

لېكىن، غەلىتە يېرى شۇكى، كىشىلەر ئىچىدىغان قۇدۇق سۈيى ئىنتايىن تاتلىق بولۇپ، ھېچقانداق تۇز تەمى يوق ئىكەن. يەنچى ئۆتىكىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر ئالاھىدە ئىمتىيازى بار ئىكەن، يەنى ئۇلار ھەرقانداق تۇز بېسىپ ماڭغان ھارۋىدىن تۇز بېجى ئالىدىكەن. بىراق، ئەپيۇننىڭ زىيىنى سەۋەبىدىن، بۇ بەختسىز كىشىلەر يەنىلا ئىنتايىن نامرات بولۇپ، تۇرمۇشى تولىمۇ جاپادا ئۆتىدىكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوبدان سېلىنغانىكەن. تاملىرى دەريا بويىدىكى يېپىشقاق قارا توپىدىن قۇيۇلغان كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، گەنسۇلۇقلار ئادەتتە ئىشلىتىدىغان پىششىق كېسەككە قارىغاندا چىڭ ئىكەن.

ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى پۈتۈنلەيلا سىرتقا تايىنىدىغان بولۇپ، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گاۋتەيدىن توشۇپ كېلىنىدىكەن، يەرلىرىدە ھېچقانداق زىرائەت ياكى كۆكتات ئۈنمەيدىكەن، ئەتراپتا تۇزدىن باشقا ھېچنېمە چىقمايدىكەن.

## 5. لىنشۈي ئۆتىكىنىڭ گۈگۈمدىكى مەنزىرىسى

ئەڭ ئاخىرى، بىز جيۇچۈەننىڭ جەنۇبىي چېتىگە يېتىپ كەلدۇق، شۇنداقلا قاقاس قۇملۇقنى تۈگىتىپ، مۇنبەت بوستان-

لىقتا قەدەم قويدۇق، لىنشۇي ئۆتىكى دەل مۇشۇ يەردە ئىدى.

بىز لىنشۇي ئۆتىڭىگە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، كۈن ئولتۇرغانىدى، بىز ئانچە - مۇنچە غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن، بىر جىمجىت كوچىنى بويلاپ شەھەرنىڭ يېنىدىكى دەرياغا قاراپ ماڭدۇق. دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆز ئالدىمىزدا بىر ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە نامايان بولدى. ئەتراپ ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، دەرەخ شاخلىرىدىكى قىرولار كەچكى شەپەق نۇرىدا رەڭدار جىلۋىلىنەتتى. ئورمانلار ئارىسىدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا بەزىدە يىراق، بەزىدە يېقىندەكلا كۆرۈنەتتى، بىز شۇندىلا ئورمانلىقنىڭ ئۇ تەرىپىنىڭ جيۇچۇەن ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

## 6 . سەددىچىننىڭ غەربىي ئۇچىدىكى تۇنجى قەدىمىي شەھەر — جيۇچۇەن

قەدىمكى سۇجۇنىڭ ئورنىدا جيۇچۇەننىڭ پەيدا بولۇشى تېخى يېقىنقى يىللاردىكى ئىش. جيۇچۇەن شەھىرىنىڭ شەرقى پۈتۈنلەيلا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا بازىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىكەن.

جيۇچۇەنگە يېقىنلاشقاندا، بىز جيۇچۇەن بۇتخانىسى دەپ ئاتىلىدىغان مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بىر بۇتخانىدىن ئۆتتۇق. بۇتخانىنىڭ سەيناسىدا تېخى يەنە قومۇشلار بولۇق ئۆسكەن بىر ئويمان يەر بولۇپ، بۇلاق سۈيى يەر ئاستىدىن ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىكەن.

شەھەرنىڭ شەرقىگە يېتىپ كەلگەندە، بىز خەنزۇ ئۇسلۇبىغا پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان شەھەر مەنزىرىسىنى كۆردۇق. قونالغۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توپ - توپ تۇرۇشقان كىشىلەر ئۈچ-

www.uyghurkitap.com



قەدىمكى قەلئە

لىرىغا يوللۇق رەختتىن تىكىلگەن پاختىلىق چاپان كىيىۋالغان، كەڭ ئىشتانلىرىنىڭ پۇچقاقلىرىنى ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈكلىرى- نىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىشقانىدى. ھەممىسىلا بېشىغا نەچچە قات لاتا ئورىۋېلىشقان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنى «چەنتۇ» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چاچ ۋە ساقال - بۇرۇتلى- رى قوڭۇر رەڭدە، يەنە بەزىلىرىنىڭ سارغۇچ رەڭدە بولۇپ، تولىمۇ كېلىشكەنىكەن. ئۇلارنىڭ تىلى خەنزۇ تىلىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، بىز ھېچنېمىنى ئۇقالمىدۇق. كېيىن بىلسەك، ئۇلار دەل ئۇيغۇرلار ئىكەن.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە پاختىدىن توقۇلغان ھەرخىل بۇيۇم- لارنى ساتىدىغان يايمىلار بولۇپ، بۇ بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنىلا مۇشۇ كىشىلەر قولدا توقۇغانىكەن، گۈللىرى ۋە رەڭگىمۇ ئوتتۇ- را تۈزلەڭلىكنىڭ ماللىرىغا پەقەت ئوخشاشمايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گىلەم، ئېسىل ئېگەر - جابدۇق ۋە شىنجاڭ مەھسۇلات- لىرىدىن قۇرۇق ئۈزۈم، ئۆرۈك، قوغۇن قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن.

بىز تۇنجى قېتىم ئاپئاق نەقىشلەنگەن مەسچىتنىڭ يۇملاق گۇمبىزىنى ۋە ھىلال ئاي شەكىللىك قۇببىسىنى كۆردۇق. دەل شۇ ۋاقىتتا، مەسچىتنىڭ ئىچىدىن بىر توپ ياش تالىپلار چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىنتايىن قاملاشقان بالىلار بولۇپ، مەسچىتتە ئەرەب تىلى ۋە «قۇرئان» ئۆگىنىدىكەن.

يول بويىدىكى تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدا تۆمۈرچى ئۇستاملار ئېسىل ئارغىماقلارنى تاقىلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. شەھەرنىڭ شەرقى يولۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرى چۈشىدىغان جاي بولغاچقا، قونالغۇلارنىڭ ھەممىسىلا مېھمانلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە يەنە هارۋىلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، چاقلىرىنى ئالماشتۇرىدىكەن. چۈنكى، ئالدى تەرەپتىكى قۇملۇقتا سەپەر قىلغاندا، هارۋىنىڭ چاقى چوقۇم باشقا جايلاردىكىگە قارىغاندا بىر چى كەڭ بولمىسا بولمايدىكەن.

بىز تۇنجى ئاخشىمى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ھەم قىستا - قىستاڭ بىر سارايدا قوندۇق. سوغۇق ھەم زەي ياتاقتا جىمجىت كېچە ناھايىتى ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى.

ئەتىسى بىر قەشقەرلىك سودىگەرنىڭ ئۆيىدىن ۋاقىتلىق قونالغۇ تاپتۇق. ئۇ دائىم خەنكۇ ۋە بېيپىڭلارغا بېرىپ سودا قىلىدىكەن. ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە باغ بولۇپ، پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا، مېۋىلىك دەرەخلەر كىشىگە تولىمۇ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاق باش تاغلار شۇنچە ھەيۋەتلىك بولۇپ، چوققىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 15 مىڭ چى كېلەتتى.

كېيىن بىز يەنە شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئەڭ ياخشى سارايغا بېرىپ، يېڭى قونالغۇ تاپتۇق. ئۆيىمىزنىڭ يېنىدا بىر گۈللۈك بار ئىكەن، قوشنىلىرىمىزنىڭ ھويلا - ئاراملىرىمۇ ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. جيۇچۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە قوۋۇق بولمىغاچقا، بۇ ئەتراپ ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالى، تولىمۇ تىنچ

ئىدى.

شەھەرنىڭ 50 ~ 60 چاقىرىم نېرىسىدا، دەل سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئەڭ غەربىي ئۇچى — مەشھۇر چېگرا ئۆتكىلى جىيايۇگۇەن بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر جىيايۇگۇەننى «جيۇچۇەننىڭ غەربىي دەرۋازىسى» دەپ ئاتىشىدىكەن. شەھەرنىڭ شىمال تەرىپى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، موڭغۇللار دائىم ئۇ يەردە تۆگە كارۋىنى تەشكىللەيدىكەن. بۇ تۆگە كارۋانلىرى قۇمۇلدىن پاختا، تۇرپاندىن قۇرۇق ئۈزۈم، جېنشى① دىن تۆگە يۇڭى، كۇچادىن ئەلتىرە يۆتكەپ ساتىدىكەن.

تەلىيىمىزگە بىر مۇسۇلمان دېھقان ھەر كۈنى بىزنى ساپ كالا سۈتى بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. جيۇچۇەندە يېمەك - ئىچمەكنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بازاردىن قوي گۆشى، كالا گۆشى، توڭگۇز گۆشى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا تاپقىلى بولىدىكەن، ئەمما سۈپىتى تازا ياخشى ئەمەس ئىكەن. لېكىن، يېڭى كۆكتاتلار، توخۇ تۇخۇمى ئىنتايىن مول ئىكەن. قىسقىسى، جيۇچۇەن ھەقىقەتەنمۇ قاقاس غەربىي شىمالدىكى بىر «جەننەت» ئىكەن!

### *بورانلىق كېچە*

بىر كۈنى كەچتە، تۇيۇقسىز شىددەتلىك بوراننىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتۇق. ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قارىساق، قاتتىق بوراندا ھويلىدىكى ۋە ئەتراپتىكى ئاق تېرەكلەر ھەريان ئىرغاڭلاپ، شاخلاردا بىرەر تال يوپۇرماقمۇ قالماپتۇ.

قاتتىق بوراندا، ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىدىغان ئۇششقىرتقان ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى، خۇددى شىددەتلىك بوران ئۆز ھەيۋىسى بىلەن پۈتۈن شەھەرنى ئىلكىگە ئېلىۋالغاندەك، يەر يۈزىدىكى قۇم - توپىلار ھەريان ئۇچۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى

① جېنشى — ھازىرقى شىنجاڭنىڭ باركۆل ناھىيىسى.

ۋە ئادەملەرنىڭ ئۇستۋاشلىرىنى كۆمۈۋەتتى. بىز دەرھال قايتىـ
دىن يوتقىنىمىزغا پۈركىنىپ يېتىۋالدۇق. بوران توختىماستىن
قەغەز پەنجىرىلەرنى تاراقشىتىپ، قۇم ـ شېغىللارنى زەرب بىلەن
ئۇراتتى.
كۆپچىلىك كېچىچە كۆز يۇممىدى، ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ
قارىساق، ئەتراپىتىكى ئۆيلەرنىڭ خېلى كۆپى قېلىن بىر قەۋەت
قۇم ئاستىدا قاپتۇ، ھەتتا يوتقان ـ كۆرپىلىرىمىز، ئۆي ئىچىمۇ
قۇمغا توشۇپ كېتىپتۇ، ئۆينى ئەسلىدىكىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈش
ئۈچۈن پەقەت بىرلا ئامال بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئاۋۋال يەرگە
سۇ سېپىپ، ئاندىن دەسسەپ چىڭداش كېرەك ئىدى. بۇ ھەقىقە-
تەنمۇ بىر كۈچ كېتىدىغان ئىش ئىدى.
بوران توپتوغرا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىقتى، ئەمما بوران
توختىغاندىن كېيىن بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمىدى. بوران ئۆتۈپ
كەتكەندىن كېيىن قارىساق، باش ـ كۆزلىرىمىز، كىيىم ـ
كېچەكلىرىمىز، ھەتتا بەدەنلىرىمىزگىمۇ قېلىن بىر قەۋەت قۇم
يېپىشىپ كېتىپتۇ، بوراندىن تولىمۇ كەيپىمىز ئۇچۇپ، ئىنتا-
يىن ھارغىنلىق ھېس قىلدۇق.
قۇملۇقتا سەپەر قىلغان تۆگە كارۋانلىرى دائىم مۇشۇنداق
قاتتىق بورانغا ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە ھەمىشە پالاكەتكە يولۇ-
قاتتى، كۆپ ھاللاردا ھارۋا، ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئادەم، ماللار
شىددەتلىك بوراننىڭ زەربىسىدىن تىتما ـ كاتاڭ بولۇپ كېتەتتى
ياكى مەڭگۈ قۇم ئاستىدا قالاتتى.
جيۇچۈەندە غەربتىن چىقىدىغان چۆل بورانلىرىدىن ۋە شىمال
تەرەپتىكى موڭغۇلىيىدىن كېلىدىغان قۇم ـ بوراندىن پاناھلىنىش
ھەقىقەتەن مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىم
قاتتىق بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىشىمىز ئىدى. بوراندىن كې-
يىن، ھاۋا تېزلا سوۋۇپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 15 سېلسى-
يە گرادۇسقا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز پاختىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چاپانلىرىمىزنىڭ قىتىغا يەنە بىر قات تۆگە يۇڭى تىقىپ كىيىشكە مەجبۇر بولدۇق.

***جيۇچۇەننىڭ چاغاندىكى مەنزىرىسى***

كونا كالېندار① بويىچە، يېڭى يىل يېقىنلىشىپ قالغانىدى. چۈشتىن كېيىن كوچىدا تۇيۇقسىز بىرەيلەننىڭ «ئەتە يېڭى يىل! يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى!» دەپ يول بويى جاڭ چېلىپ ۋارقىراۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن هالدا يېڭى يىلنىڭ كىرىپ قالغانلىقىنى هېس قىلدۇق.

هېلىقى جاڭ چېلىپ ۋارقىرىغىنى ناهىيىلىك هۆكۈمەتنىڭ جاكارچىسى ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ «يېڭى يىلنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغىنى» ئىكەن، جيۇچۇەن شەھىرىدە مۇشۇنداق بىر ئادەت بار ئىكەن.

بۈگۈن ئاخشام «هارپا كېچىسى» بولۇپ، كىچىككىنە جيۇچۇەن شەھىرىدىمۇ باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاشلا هارپا كېچىسى قەرز سۈيلەيدىغان ۋە قەرز سۈيلەشتىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالىدىغان ئادەت ئەۋج ئالغانىكەن. ئاتىسى ئالغان قەرزنى ئوغۇللىرى قايتۇرالمىسا، نەۋرىلىرىگە قېپقالىدىكەن، شۇڭا قەرز ماجىرالىرى مۇشۇنداق يېڭى يىلنىڭ هارپا كېچىسى ئىنتايىن ئاۋۇپ كېتىدىكەن. هەممىلا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا جاڭجاللىشىۋاتقان هەم تىللىشىۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلىغىلى بولىدىكەن. قەرز ئالغانلار قەرز ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئىشىكى ئالدىغا كەلگەنلىكىنى بىلگەن هامان، دەررۇ ئۆينىڭ تورۇسىدىكى ئادەم پاتقۇدەك كامارلارغا يوشۇرۇنۇۋالىدىكەن ياكى ئارقا ئىشىكتىن غىپپىدە تىكىۋېتىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بولسا قەرز ئالغۇچىنى

① كونا كالېندار — جۇڭگونىڭ دېهقانلار كالېندارىنى كۆرسىتىدۇ. مىنگو دەۋرىدە، مىلادىيە كالېندارىنى قوللىنىش، بۇرۇنقى كالېندارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئېلان قىلىنغانلىقتىن، ئىلگىرى ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان دېهقانلار كالېندارى «كونا كالېندار» دەپمۇ ئاتالغان. كونا كالېندار بويىچە يېڭى يىل دەل هازىرقى چاغان بايرىمىغا توغرا كېلىدۇ.

«ئۆيدە يوق» دېيىش ئارقىلىق قەرز ئىگىلىرىگە تاقابىل تۇرىدىكەن.

شۇ سەۋەبتىن، يېڭى يىلنىڭ ھارپا كېچىسى كۆرىدىغىنىڭىز پۈتۈنلەي دېگۈدەك غەم ـ قايغۇ ھەم غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن تولغان كۆڭۈلسىز مەنزىرە ئىكەن. ئەمما، ئەتىسىلا ئەھۋال باشقىچە بولىدىكەن، تېخى تۈنۈگۈن ئاخشاملا قاتتىق تىللىشىپ كەتكەنلەر بۈگۈن چىرايىغا ئىللىق تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ، بىر ـ بىرىنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلىشىدىكەن.

تېخى تاڭ يورۇماستىنلا، بىز تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان پوجاڭزا ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتۇق. بۇتخانىلارنىڭ داڭلىرى ئۇرۇلۇپ، جاڭ ـ دۇمباقلار چېلىنىپ، كۈجىلەر كۆيدۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئادەتتە شەھەر ئاھالىلىرى ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئەرلەر ئەتىگەندىلا ھەر تەرەپكە بېرىپ ھېيتلاشقىلى باشلايدىكەن. ئەمما، ئاياللار بولسا 15 كۈنگىچە ھېچ قەيەرگە چىقمايدىكەن. دۇكانلارنىڭ ھەممىسى تاقىلىپ، كوچىلاردا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن.

چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپلا، شەھەر ئىچىدىكى چوڭ كوچىلارنىڭ ھەممىسى كاتتا قىمار سورۇنلىرىغا ئايلىنىدىكەن. قىمارۋازلار ۋە مۇتتەھەملەرنىڭ ھەرقايسىسى كوچا بويىغا بىردىن ئۈستەلنى قويۇشۇپ، ئۈستەلنىڭ ئەتراپىغا قىزىل يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن يارماقلارنى تىزىپ قويىدىكەن. شەھەر ئاھالىلىرى، ئەخمەق سەھرالىقلار بۇ يەرگە كېلىپلا قالسا، قىزىق قىمار باشلىنىپ كېتىدىكەن.

توپتوغرا ئۈچ كۈنگىچە چوڭ كوچىلارنىڭ ھەممىلا يېرى مۇشۇنداق قىمار سورۇنلىرى ۋە قىمارۋازلار بىلەن توشۇپ، ئات-ھارۋىلارنىڭ ئۆتۈشى قىيىنلىشىپ، قاتناشمۇ توسۇلۇپ قالىدىكەن. ئۆيلەرنىڭ تۈپتۈز ئۆگزىلىرىنىڭ ئۈستىدە بولسا، ئاياللار غۇژمەك بولۇپ يىغىلىشىۋېلىپ، كوچىدىكى قىمار سورۇنلىرىغا ھەم ئويۇنلارغا قاراپ تۇرۇشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قېنىق

پەرداز قىلىنىشۋالغان، ئۇچىسىغا زەڭگەر، ھال رەڭ، قىزىل رەڭلىك چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىۋالغان بولۇپ، چېچىغا زەڭگەر رەڭ يالغان گۈللەرنى قىسىۋالىدىكەن.

بىراق، مۇنداق ئەسەبىي خۇشاللىقنىڭ ئارقىسىغا يەنە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە تراگېدىيىلەر يوشۇرۇنغانىكەن، بىز مۇنداق ئىشلاردىن بىرقانچىسىنى كۆردۇق. مەسىلەن، بىر ئايال ئېرى قىماردا قاتتىق ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. بىرنەچچە ئايال ئەپيۇن يۇتۇۋالغان، بەزىلىرى ئەڭلىك يەۋالغان، بەزىلىرى قۇدۇققا سەكرىۋالغان، يەنە بەزىلىرى ئۆزىنى بوغۇزلىۋالغان، يەنە تېخى بىر ئايال بىر كاپام قورۇتۇلغان كۆك پۇرچاق يەۋالغاندىن كېيىن، ئارقىدىن بىرنەچچە چىنە سۇ ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. چۈنكى، ئۇ ئۆزىچە مۇشۇنداق قىلسام، تېۋىپقا كۆرۈنمىسەممۇ ساقىيىپ كېتىمەن دەپ ئىشەنگەنىكەن. بۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا ئەرلىرىنىڭ قىماردا قاق سەنەم بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئەرلەرنىڭ قىماردا بارلىق ۋەج ـ تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، ھەتتا خوتۇنى، قىزلىرىنى سېتىۋېتىشىمۇ ئادەتتىكى ئىش ئىكەن.

يېڭى يىلنىڭ ئىككىنچى ھەپتىسى دەل باھار بايرىمى ئىدى. دېھقانلار لايدىن بىر چوڭ كالا ياسىغان بولۇپ، ئۈستىگە ھەر خىل قۇرۇق مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئېسىپ قويغانىكەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مول ھوسۇلنىڭ سىمۋولى ئىكەن. بۇ كۈنى يەنە دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرى يىغىلىش ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇلار قايىنام تاشقىنلىق ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلىپ، دەبدەبە بىلەن پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىدىكەن. ھېلىقى لايدىن ياسالغان كالىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەنلا ئادەم ئۇنىڭغا ئاتاپ كۆجە ياقىدىكەن. ئاڭلىساق، ئىلگىرى ناھىيە ھاكىمىمۇ كېلىپ كۆجە ياقاتتىكەن. بايرام كۈنى ئاخشىمى، ساراي خوجايىنىنىڭ

ئۆيى تۇيۇقسىز قىزىپ كەتتى. ساراي خوجايىنى ئەسلىدە بىر چوڭ پومېشچىك بولۇپ، بۇ كۈنى ئۆيگە مېھمان چاقىرىپ، كەچ كىرگىچە ئويۇن ـ تاماشا قىلغانىكەن. ئۇنىڭ چوڭ قىزى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېسىل خۇرۇم چاپىنىنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى بايقاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇنى ساراي خوجايىنىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئوغرىلىغانلىقى مەلۇم بوپتۇ، ئۇ ئۇچىغا چىققان بىر ئالىقاپ بولۇپ، ھەم ئەپيۇنگە، ھەم قىمارغا بېرىلىپ، بارا ـ بارا شەھەردىكى ئوغرى ـ لۈكچەكـ لەر گۇرۇھىنىڭ گۇيپاڭچىسىغا ئايلىنىپ قالغانىكەن. بۇ ئېسىل خۇرۇم چاپاننىمۇ شۇ ئوغرىلىغانىكەن.

شۇنىڭ بىلەن، ساراي خوجايىنى دەرھال ئىشىكلەرنى چىڭ تاقاپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە يېشى چوڭراق يېقىن تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ، ئۆيىدە ئائىلىۋى سوت ئاچتى.

بۇ ساراي خوجايىنى ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، ئۇزۇن ساقال ـ لىرىنى ئاق ئارىلىغان، بۇرنىنىڭ ئۈستىگە يوغان بىر كۆزەينەكـ نى قوندۇرۇۋالغان، بارماقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بەش ـ ئالتە سۇڭ كېلىدىغان، ئۇزۇن غاڭزىسىنى دائىم ئاغزىـ دىن چۈشۈرمەيدىغان، يېشى 70 لەردىن ئاشقان جاھىل قېرى ئىدى. ئۇ ئادەتتە ئىنتايىن تەمكىن بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈن چوڭ ئوغلى ئوغرىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىززىتى ۋە ئابرۇيىنى تۆككەچـ كە، ئاچچىقتىن يۈزلىرى ئېسىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇ: «بۇ ھايۋان ئائىلىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ بولدى، مەن بۈگۈن ئۇنى قاتتىق جازالىماي قويمايمەن. ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان يوسۇن بويىچە ۋاپاسىز ئوغۇللار ئۆلۈمگە لايىق. ئەمما، مەن ئۇنى تۇتۇپ بېرىشنى خالىمايمەن، چۈنكى بۇنداق قىلساق، ئائىلىمىزنىڭ ئىناۋىتى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، ياشلىرىڭـ لاردىن بىرنەچچىڭلار چىقىپ ماڭا ياردەملىشىڭلار، بۈگۈن ئاخـ شام مەن بۇ ھايۋاننى تىرىك كۆمۈۋېتىمەن» دەپ چالۋاقاپلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتتى.

لېكىن، ھېچكىممۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا ياكى بۇ ئالىقاپىنىڭ جېنىنى تىلىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پەقەتلا ئۇنىڭ ياش خوتۇنى مىچىلداپ يىغلىغىنىچە لام ـ جىم دېيەلمەي تۇراتتى. ئاخىر يەنىلا بىز يۈگۈرۈپ بېرىپ ئارىغا چۈشتۇق. ئۇنىڭ ئىككى قولى ئارقىسىغا باغلانغان، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، تۇغقانلىرى ئۇنى يېزىغا ئاپىرىپ دېھقانچىلىققا سېلىش ئارقىلىق جازالايدىغان بولۇشتى.

كېيىن ئاڭلىساق، ئۇ بىر مېھنەتكەش ھالال دېھقانغا ئايلىنىپتۇ.

## 7. جىنتا (ئالتۇن مۇنار) غا سەپەر

جيۇچۇەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا جىنتا[1] دېگەن جاي بولۇپ، ئۇ جيۇچۇەن بىلەن ئىچكى موڭغۇلىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىردىنبىر شەھەر ئىدى. جىنتا بىلەن جيۇچۇەننىڭ ئارىلىقى 100 چاقىرىمدەك كەلسىمۇ، ساياھەتكە ئامراق بولغانلىقىمىزدىن ئۇ يەرگە بېرىپ كېلىشنى قارار قىلدۇق.

جىنتاغا بارىدىغان هارۋىكەشلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇچىغا چىققان قاقۋاشلاردىن بولۇپ، ئۇلار غەربىي شىمالغا كەلگەنلىكى ئۈتكۈنچى يولۇچىلارنى بىلىۋالماي قالمايتتى. ئۇلار ئىنتايىن ھىيلىگەر بولۇپلا قالماي، يەنە ياغلىما گەپلەر بىلەن ئادەم ئالداشقا ئۇستا ئىدى.

كەچكە يېقىن ھارۋىكەشلەر يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ھارۋىغا بېسىپ تەييار بولدى. ئەمما، قارىساق ھارۋىنىڭ ئاستىغا يەنە بىر توپ مال تېڭىلىپتۇ. ئۇلار ئاتلارنىڭ دۈمبىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ: «خوجىلىرىم، قاراڭلار بىزنىڭ ئاتلىرىمىزغا، جيۇ-

---

[1] جىنتا (金塔) — ئالتۇن مۇنار دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.

چۈەن شەھىرىدە بۇنىڭدىن ياخشى ئاتنى تاپالمايسىلەر» دەپ پو
ئاتتى. ئەمما، ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقىدىغان چاغدا قارىساق،
تۈنۈگۈن ئاخشامقى ھېلىقى ئىككى قاۋۇل ئات كۆرۈنمەيتتى،
ئۇنىڭ ئورنىغا ئاچلىقتىن قورساقلىرى تارتىشىپ كەتكەن، ئو-
رۇقلۇقىدىن سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان ئۈچ قوتۇر ئات يەڭگۈش-
لىنىپتۇ. ئېگەر ـ جابدۇقلىرى كىچىكلىكىدىن دۈمبىسىنى ئا-
رانلا يېپىپ تۇراتتى، تېخى يەنە ئىككى يېنىغا قىزىل قەغەزلەر
چاپلىنىپ، بىر تەرىپىگە «كۈندۈزى 1000 چاقىرىم يول
باسار»، يەنە بىر تەرىپىگە «كېچىسى 800 چاقىرىم يول باسار»
دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ. قاراڭلار، بۇلارنىڭ ئۇستاتلىقىنى! جيۇ-
چۈەندىكى ھارۋىكەشلەر ھەقىقەتەنمۇ ھەييار ئىكەن.

بىز بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى سورىساق، ئۇلار: «تۈنۈگۈن
ئاخشامقى ئۇ ئىككى ئات تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ ھارۋا سۆرىيەل-
مەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ ئاتنى يەڭگۈشلە-
دۇق. بۇ تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ!» دەپ جاۋاب بەردى. بىز
مېڭىشقا ئالدىراپ تۇرغاچقا، ئامالسىز يولغا چىقىپ كەتتۇق.

يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بېشىدا ماڭغان ھارۋىكەش
تۇيۇقسىز بىزگە: «چوڭ يولنى يېقىندا سۇ بېسىپ كەتتى،
ماڭغىلى بولمايدۇ. ئەمما، بۇ تەرەپتىكى يوللارنى مەن پىششىق
بىلىمەن، خاتىرجەم بولۇڭلار، بىز ئايلىنىپراق ماڭىمىز، يول
سەل يىراقراق بولسىمۇ، لېكىن پاتقاق يوق. سىلەرمۇ كۈتۈلمە-
گەن ئاۋارىچىلىكلەردىن خالىي بولالايسىلەر» دېدى.

بىز باشتىلا جىنتاغا بارىدىغان يولنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىنى
ئاڭلىغاچقا، ئۇلارنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگىمۇ ئاسانلا چىنپۇتتۇق.
ئەمما، پۈتۈن بىر كۈن گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان زېرىكىشلىك قاقاس
دالىدا ماڭغان بولساقمۇ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى.

كۈن ئولتۇرغان چاغدا، يىراقتا بىرنەچچە تۈپ دەرەخ كۆ-
رۈندى. قارىساق، بىر بوستانلىققا يېقىنلىشىپ قاپتۇق. ھارۋىلار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇملۇقتا تەنها چوقچىيىپ تۇرغان بىر ئۆي ئالدىدا توختىدى.

بۇ بىر قونالغۇ بولۇپ، ئىچىدە ئىككى ئېغىزلا ئۆي بار ئىكەن. بىر ئېغىزىدا 12 ئادەم، يەنە بىر ئېغىزىدا ئاياللار ۋە بالىلار ياتقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئامالسىز ھارۋىدا ياتماقچى بولدۇق ھەم ئازراق تالقان بىلەن چاي ئىچتۇق. چاينىڭ تەمى تۇزلۇق بولۇپ، ئىچكەنسېرى ئادەمنى ئۇسسۇتتۇۋېتەتتى.

كېچىدە قاتتىق بوراننىڭ ئۇشقىرتىشىدىن تۇزۇك ئۇخلىيالمىدۇق. تاڭغا يېقىن ئەمدىلا كۆزىمىزنى يۇمۇشىمىزغا، يەنە ھېلىقى كاززاپ ھارۋىكەش كېلىپ مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىپ تۇرۇپ: «ئەگەر بۈگۈن كەچكىچە جىنتاغا بېرىپ بولىمىز دېسەڭلار، دەرھاللا يولغا چىقمىساق بولمايدۇ، جىنتاغا ئون چاقىرىملا قالغان بولسىمۇ، بۇ ئارىلىقتىكى يول بەك ئۇزۇن» دەپ بىزنى ئويغىتىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن، تېخى كۈن چىقماستىنلا يەنە يولغا چىقتۇق. يولدا بىرەرمۇ ئادەم ئۇچرىمىدى، يول بويىدا بىر كىچىك بالىنىڭ جەسىتىنىلا كۆردۇق. ئېھتىمال، يولۇچىلار ئۇنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ كەتكەن بولسا كېرەك. يول بويى ھەممىلا يەردە شەكلى ئادەمگە ئوخشايدىغان تاش دۆۋىلىرىنى ئۇچراتتۇق، بۇنىڭغا موڭغۇللار تاۋاپ قىلىپ ماڭىدىكەن①.

ھارۋا ناھايىتى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن تەستە ئىلگىرىلەيتتى، ھەممىمىزلا ئېغىر سوكۇتكە چۆمگەنىدۇق، كۆپچىلىك ئۇسساپ كېتىشتىن قورقۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. تۈنۈگۈن ئاخشامقى تۇزلۇق چاي ھەقىقەتەنمۇ ھەممىمىزگە زىيان قىلغانىدى.

ئالاھازەل چۈش مەزگىلىدە، بىر يولۇچى ئۇچرىدى ۋە سەمىمىيلىك بىلەن بىزدىن: «نەگە بارىسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز «جىنتاغا بارىمىز» دېسەك، ئۇ ھارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ: «جىنتاغا بارامسىلەر؟ ئەمىسە نېمىشقا تەتۈر ئايلىنىپ ماڭىسى-

① بۇ يەردىكى «شەكلى ئادەمگە ئوخشايدىكەن تاش دۆۋىلىرى» دەل قەبرىدىن ئىبارەت.

لەر؟» دېدى.
بۇ چاغدا، بىزنىڭ ھېلىقى «بىلەرمەن» ھارۋىكىشىمىز يۇگۇرۇپ كېلىپ: «يولدا پاتقاققا پېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن مۇشۇ يول بىلەن ماڭدۇق» دېدى ھەم ھېلىقى يولۇچىغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.
ھېلىقى ئادەم دەرھال سىپايىلىك بىلەن: «ياخشى بوپتۇ، بۇ يەرلەر بىلەن ماڭسا پاتقاق يوق» دېدى ۋە ئالدىراپلا ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.
بۇنىڭدىن ئاچچىقىمىز كېلىپ، ھېلىقى ساختىپەزدىن نېمىشقا مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىدۇق، ئۇ يەنە ھارامزادىلىك بىلەن: «سىلەر ھارۋا ياللىغان چاغدا جىنتاغا بېرىپ ئويناپ كېلىمىز دېگەن ئەمەسمۇ! مانا، ئالدىمىزدىكىلا جىنتا شۇ، يەنە بىر ـ ئىككى سائەت ماڭساقلا ئۇ يەرگە يېتىپ بارىمىز. جىنتا ھەقىقەتەنمۇ يىراق» دېدى.
تۈن پەردىسى يېيىلغان چاغدا، بىز يەنىلا كۆزلىگەن مەنزىلىمىزگە يېتىپ كېلەلمىدۇق، يىراقتا بىر دېھقاننىڭ ئۆيى غۇۋا كۆرۈندى. بۇ ۋاقىتتا، ھېلىقى گېپىنىڭ تىكىچى يوق كاززاپ يەنە: «ئالدىمىزدا بىر تۇغقىنىمنىڭ ئۆيى بار، ئۇ ئىنتايىن ئوبدان ئادەم، ئۆيلىرىمۇ ئىنتايىن ياخشى، بوش ئۆيلەر كۆپ، ئوت ـ چۆپ مول، ئۇ يەردە قونساق دەڭدە قونغاندىن كۆپ ياخشى، ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆيىدىن قېلىشمايدۇ!» دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تۆت ئەتراپقا ھەييارلارچە تىكىلەتتى.
بىز ئامالسىز ئۇنىڭ بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. تۇيۇقسىز ھارۋا پاتقاققا پېتىپ قالدى، ھېلىقى مۇتتەھەم بىزگە ھارۋىدىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشنى، ئالدىدىكىسى دەل تۇغقىنىنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، بىز ھېلىقى پاسكىنىچىلىق بىلەن تولغا كەپىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق. ئاخىر بۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئالىقاچان بىزنىڭ كېلىشىمىزنى ساق-

لاپ تۇرغانلىقىنى، ھېلىقى كاززاپ ھارۋىكەشنىڭ بىزنى ئاپىرىپ قويۇش باھانىسى بىلەن ئەپيۇن قاتارلىق بىرمۇنچە زەھەرلىك بۇيۇملارنى يۆتكەپ كېلىۋالغانلىقىنى بىلدۇق.
ئەتىسى ئەتىگەندە قارىساق، ئاتنىڭ ئورنىغا يەنە قېرى ئۆكۈز يەڭگۈشلىنىپتۇ، سەۋەبى ئالدىمىزدا چوڭ دەريا بولۇپ، دەريادىن ئۆتۈشتە ئاتقا قارىغاندا قېرى ئۆكۈز ياخشىراق ئىمىش، تېخى بۇ قېرى ئۆكۈز يەنە دەريانىڭ قايسى يېرىنىڭ ئەڭ بىخەتەر كېچىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەر ئىمىش!
شۇنىڭ بىلەن، بىز ئامالسىز قېرى ئۆكۈز بىلەن يولغا چىقتۇق. چۈشتىن كېيىن قاش قارايغان چاغدا، قاتتىق قار – شىۋىرغان ئىچىدە ئاخىر جىنتاغا يېتىپ كەلدۇق.
جىنتا كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدىغان جاي ئىكەن، ئۇ 200 يىل ئىلگىرى شەنشى تەييۇەنلىكلەر قۇرغان سودا شەھىرى ئىكەن.
شەھەر گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئەمما سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. شەھەر نامى قىلىپ قويۇلغان ھېلىقى ئالتۇن مۇنار بولسا، بۇددا دىنىنىڭ گەنسۇدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇنارنىڭ چوققىسىغا بۇرۇن پۈتۈنلەي ساپ ئالتۇن يالىتىلغانىكەن، كېيىن كىشىلەر ئۇنى قىرىپ ئېلىپ كېتىپتۇ، كېيىن يەنە سېرىق مىس يالىتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىمۇ كىشىلەر ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، نەتىجىدە ھازىرقىدەك ئاق گەج بىلەن لايدىن ياسالغان چوققىسىلا قاپتۇ.
شەھەردە يەنە بۇددساتۋا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، كۆپلىگەن ئاياللار يەردە كۈجە كۆيدۈرۈپ، بۇتقا باش ئۇرىدىكەن. ياش كېلىنلەر بۇددساتۋانىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ پەرزەنت تىلىسە، ئانىلار بۇددساتۋادىن بالىلىرىغا بەخت – سائادەت تىلەيدىكەن. مۇشۇلار-

دىن ھەم زېرىكىشلىك بازارلار ۋە ئادەملەر، شۇنداقلا غەربىي
شىمالغا خاس قاقاس داللاردىن باشقا، جىنتانىڭ ئادەمدە چوڭ-
قۇرراق تەسىرات قالدۇرغۇدەك ھېچقانداق يېرى يوق ئىكەن.
شۇنداق قىلىپ، بىز جيۇچۇەنگە ناھايىتى كەيپسىز قايتتۇق.

## 8. قارا زاڭزۇلار

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىز يەنە جيۇ-
چۇەن شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى جەنۇبىي تاغ ئېغىزىدا زاڭزۇلارنىڭ
يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇتخانا يىغىلىشى بولىدىغانلىقى-
نى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگىمۇ بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى قارار قىلدۇق.
تاغ تاشلىرى چوقچىيىپ تۇرغان خەتەرلىك يولدا، بىز بىر
توپ زاڭزۇلارنى ئۇچراتتۇق. ئۇلار بۇتخانا يىغىلىشىغا قاتنىشىش
ئۈچۈن سەپەرگە چىققىلى ئۈچ كۈن بولغانىكەن. ياش ئاياللار
بالىلىرى بىلەن تۆگىگە مىنىۋالغان بولۇپ، بالىسى ئالدىدا،
ئانىسى كەينىدە ئولتۇرغانىكەن، قالغانلار ساپلا ئېشەك مىنىۋاپ-
تۇ. بىر ياش ئايال ئېگەرنىڭ ئۈستىدە بىر ئاق قوينى قۇچاقلى-
ۋالغان بولۇپ، گېگەنگە نەزىر قىلدۇرغىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ،
قاشالڭ ئېشەكلەرنى مىنىۋالغان قېرىراق ئاياللار ئىنتايىن ھار-
غىن كۆرۈنىسىمۇ، ئەمما يەنىلا قاتاردىن قالماي كېلىۋاتاتتى.
بۇتخانىغا يېتىپ كەلگەندە، يىغىلىشقا كەلگەن زاڭزۇلارنىڭ
ئىنتايىن كۆپلۈكىنى كۆردۇق. ئۇلار گېگەننى كۆرگەن ھامان
پېشانىلىرىنىڭ توپا بولۇپ كېتىشىگە قارىماي يەرگە باش
ئۇراتتى.
يىغىلىشتا، لامالارنىڭ «سۈت چاي» ئىچىشى ئىنتايىن قى-
زىق بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بىرنەچچىدىن سىدام يا-
غاچ چۆچىكى بولۇپ، تىلىنى چايغا شۇنچىكى تەگكۈزۈپ قويغان-
دىن كېيىن، ياغاچ چۆچەكنى تونىنىڭ ئىچىگە سېلىۋالىدىكەن.

مۇشۇنىڭدىن باشقا، بۇتخانا يىغىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە يېرى يوق ئىكەن.

بۇ قېتىمقى يىغىلىشقا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا «قارا زاڭ-زۇلار» ئىكەن. ئاياللارنىڭ ھەممىسى چىرايلىق نىمچە ئارتىۋال-غان بولۇپ، بېشىغا ئېگىز كىگىز مالىخاي كىيىپ، تۇلكىنىڭ قۇيرۇقىنى يۆگىۋاپتۇ. بۇلاردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئالا-ھىدىلىكى يوق ئىكەن.

## 9. جيايۇگۇەننىڭ ئۇستىدە

ئەڭ ئاخىرىدا، بىز مىڭ يىللاردىن بۇيان «چېگرىدىكى مەز-مۇت قورغان» دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان، سەددىچىن سېپىلى-نىڭ غەربتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇچى بولغان جيايۇگۇەنگە باردۇق.

جيۇچۇەندىن جيايۇگۇەنگە 50 ~ 60 چاقىرىملا كېلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان قاقاس تاشلىق دالىدا ھەم خەتەرلىك تاغ قاپتاللىرىدا ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن، خېلى ھەرەج تارتتۇق. يول بويى كۆرگەن مەنزىرىلەر ئادەمدە ئىنتايىن يېقىم-سىز تەسىرات قالدۇراتتى، پەقەت قار قاپلىغان چىلىيەنشەن تېغىلا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، كەڭ دالا تولىمۇ پايانسىز كۆرۈنەتتى.

ئالدىمىزدا بارا ـ بارا بىر ئېگىز راۋاق نامايان بولدى، ئۇ بىر نەچچە قەۋەتتەك كۆرۈنەتتى. ئىككى تەرىپى توپا تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، جەنۇب تەرەپتىكى تېمى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە سوزۇلىدىغان تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېتىكىگە تۇتاشقان، شىمال تە-رەپتىكى تېمى سۇيى مۇنبەت كەڭرى بىر يايلاققا تۇتاشقانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جيايۇگۇەن دېگەن نام مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن.

بۇ چېگرا ئۆتكىلىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن



جىايۇگۇەن ئىچكى شەھىرىنىڭ شەرقىي قوۋۇقى

ئەۋزەل بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرى تاپتاقىر ھەم خەتەرلىك تاغ چوققىلىرى بىلەن ئورالغان، ھەيۋەتلىك جىايۇ-گۇەن قوۋۇقى ئىككى چوققىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئەڭ تار جايدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانىكەن. سېپىل تېمىنىڭ تۆۋىنىدە بىر دەريا بو-لۇپ، دەريادا ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىكەن. قوۋۇقنىڭ ئالدىدىكى تار يول مۇشۇ يەردىن جەنۇبقا ئېگىز - پەس ئەگىلىپ كېتىدىكەن — جەنۇب تەرەپ دەل قونالغۇلار مەركەزلەشكەن رايون ئىكەن.

بىز ئىككى يوغان ئەگمە دەرۋازىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن شەھەرنىڭ ئىچىگە كىردۇق. بىراق، شەھەر ئىچى ئاللىقا-چان چۆلدەرەپ قالغان بولۇپ، ئاھالىلەرمۇ ئىنتايىن شالاڭ ئىكەن.

جىايۇگۇەننىڭ تۆت تەرىپىدىكى ھەيۋەتلىك سېپىل تاملىرىنىڭ ئۈستى-دە كۆڭگۈرىلىك ئىستىھكاملار ۋە قوختىلار بولۇپ، يامۇل ۋە ھەربىي بارگاھلارنىڭ خارابىلىرى كىشىگە بۇ چۆلدەرەپ قالغان شەھەرنىڭ يەنىلا جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى بىر مەزمۇت قورغان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جىايۇگۇەن قوۋۇقىدىن بىر كۆرۈنۈش

شەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقى ئەڭ ھەيۋەتلىك بولۇپ، قوۋۇقنىڭ سىرتى پۈتۈنلەيلا سوغۇق شامال ئۇشقىرتىپ تۇرىدىغان كۆز يەتكۈزسىز قۇملۇق ئىكەن.

شەھەرگە تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدىغان يەردە بىر تاش ئابىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا «جاھاندىكى بىرىنچى مۇستەھكەم ئۆتكەل» دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىكەن. تۆت ئەتراپ ئىنتايىن قاقاس بولۇپ، ھېچقانداق تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بولسىمۇ، ئەمما يەنە كىشىدە بىر خىل قايتماس ئىرادە، ئۇلۇغۋار ئارزۇلارنى پەيدا قىلىدىكەن. سېپىل تاملىرىدا خەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇچۇپ كەتكەن شېئىر ـ نەزمىلەر بولۇپ، لاۋزىمۇ كالىغا مىنىپ غەربكە سەپەر قىلغاندا①، مۇشۇ جىايۇگۇەندىن ئۆتكەنىكەن.

بەھەيۋەت ھەم قەدىمىي جىايۇگۇەن قوۋۇقىنىڭ ئۈستىدە

① «تارىخىي خاتىرىلەر»، 36 ـ جىلد، «لاۋزىنىڭ تەرجىمىھالى» دا ئېيتىلىشىچە، ئەمىنىيە دەۋرىدە لاۋزى كالىغا مىنىپ غەربكە سەپەر قىلغاندا، خەنگۇ قوۋۇقى (ياكى سەنگۇەن قوۋۇقى) دىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنىكەن.

تۇرۇپ، قوۋۇقنىڭ ئىچىگە نەزەر سالغاندا، خۇددى غايەت زور كۆل رەڭ يىلانغا ئوخشاش ئەگرى - بۈگرى سوزۇلۇپ ياتقان چەكسىز سەددىچىن سىپىلى نامايان بولسا، قوۋۇقنىڭ سىرتىغا قارىغاندا، كۆپكۆك ئاسمان ئاستىدىكى بىپايان سېرىق دالىنىڭ كۆز يەتكۈسىز سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# ئىككىنچى بۆلۈم

# سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى سەپەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

# جىيالۇگۇەن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا

## 1. خەير ـ خوش، جىيالۇگۇەن

جىيالۇگۇەندىن چىققاندىن كېيىنلا، ئەتراپ پۈتۈنلەي پايانسىز چۆل ـ باياۋان بولۇپ، بۇ دەل تارىختىن بۇيان مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان «قوۋۇق سىرتى» ئىكەن. بۇ جاي قەدىمكى ۋاقىتلاردا جىنايەتچىلەرنى سۈرگۈن قىلىدىغان جاي بولغاچقا، «قوۋۇق سىرتىغا بېرىش» دېگەن بۇ سۆز ھەمىشە كىشىگە بىر خىل قورقۇنچلۇق تۇيغۇ بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ بىز سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى شېئىر ـ نەزمىلىرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنغان قوۋۇق سىرتىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولدۇق. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئۆزۈن سەپەرنىڭ تۈرلۈك تەييارلىقلىرىنى جىددىي قىلىشقا كىرىشىپ كەتتۇق.

كۆپرەك ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە سۇ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، بىز ئالايىتەن بىر چوڭ ھارۋا تەييارلاپ، ھارۋا مەپىسىنىڭ ئۈستىنى ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ياپتۇق. ھارۋىنىڭ يوغان ئىككى ياغاچ چاقىنىڭ ئېگىزلىكى نەق سەككىز چى كېلىدىغان بولۇپ، چوڭقۇر ئېقىنلاردىنمۇ بىمالال ئۆتۈپ كېتەلەيتتى. ئەمما، ئاتلىرد-

مىزنىڭ ھەممىسىلا قېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈمبىلىرى ساپلا يېغىر بولۇپ كەتكەچكە، ھارۋىغا قوشىدىغان ئۇلاغ تېپىش يەنە قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. ئاقىۋەت بىز نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئەكېلىنگەن ئۈچ ئاتنى تاپتۇق. بۇ ئاتلار قۇملۇقتىكى قىرتاق دەريا سۈيىنى ئىچىشكە كۆنۈك ئىكەن، ئادەتتىكى ئاتلار بۇنداق سۇنى ئىچسە ئاغرىپ قالاتتى. ئەمما، ئۇزۇن سەپەردە ئاتقا قارىغاندا يەنىلا قېچىر ياخشى ئىدى. چۈنكى، قېچىر قونالغۇغا بارغان ھامانلا، دەرھال توپىدا ئېغىناپ بەدىنىنى سوۋۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاستا بېرىپ ئوت يەيتتى، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەمما، ئات بۇنىڭغا ئوخشاشمايتتى، ھەممىشە ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرمىسا، ئاسانلا ئاغرىپ قالاتتى ياكى ئاجىزلاپ كېتەتتى.

بىز جىيايۈگۈەندە بىر كېچە قونغاندىن كېيىن، ئۇزىتىپ قويغۇچىلار بىلەن بۇ يەردە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتۇق.

بۇ يەردە بىر غەلىتە ئادەت بار ئىكەن، يەنى يولۇچىلار قوۋۇقتىن چىققان چاغدا، چوقۇم بىر تال تاشنى ئېلىپ قوۋۇقنىڭ سىرتىدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ تېمىغا قارىتىپ ئاتىدىكەن. ئەگەر تاش تامغا تەگكەندىن كېيىن قاڭقىسا، ئۇ ھالدا شۇ يولۇچىنىڭ بىخەتەر قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىد بار ئىكەن، ئەگەر تاش قاڭقىمىسا، ئۇ ھالدا تاش ئاتقان يولۇچى ئېغىر غەمدە قالىدىكەن. ھېلىقى سېپىل تېمىدا، نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار ئاتقان تاشلارنىڭ ئىزى بولۇپ، تامنىڭ بىر قىسمىنى ئويۇۋېتىپتۇ؛ ھالبۇكى تامنىڭ ئاستىدا بولسا، يولۇچىلار ئاتقاندا قاڭقىمىغان تاشلار ئېگىز دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ھەربىر تاش بىر ئۈمىدسىزلەنگەن يۈرەكنى ئىپادىلەپ تۇراتتى، تاش سېپىل تېمىغا تەگكەن چاغدا، تامدىن چۈجىنىڭ چۇكۇلدىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئاۋاز چىقىدىغان

بولغاچقا، بۇنى ھەممە ئادەم ئېنىق ئاڭلىيالايدىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ بىر خىل مۆجىزە بولۇپ، پەقەت تامدىكى تاش تېگىپ غايىب بولغان جايدىلا ئاۋاز چىقىدىكەن. باشقا جايلاردىن بولسا ئاۋاز چىقمايدىكەن.

تەلىيىمىزگە بىز ئاتقان تاشلارنىڭ ھەممىسىلا تامغا تېگىپ قاڭقىدى، ئۇزىتىپ قويغۇچىلار بىزنى تەبرىكلەپ، سەپىرىمىزنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى، بالدۇرراق ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىشىمىزنى تىلەشتى. بىز مىيىقىمىزدا كۇلۇپ قويۇپ، ئۇلار بىلەن خەيرلەشتۇق.

ھايال ئۆتمەي، بەھەيۋەت ھەم قەدىمىي جيايۇگۇەن بارا - بارا كەينىمىزدە قالدى، بىزمۇ تارىختىن بۇيان مەشھۇر بولغان قوۋۇق سىرتىغا قەدەم باستۇق.

## 2. قوۋۇق سىرتى

ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك چېگرا قوۋۇقى كەينىمىزدە تامامەن غايىب بولغان ۋاقىتتا، تېخى ئەمدىلا ئەتىگەن سائەت بەش بولغانىدى.



جيايۇگۇەن قوۋۇقىغا تۇتىشىدىغان سەددىچىن سېپىلى

كۆز ئالدىمىز پۈتۈنلەيلا چەكسىز كەتكەن ئېگىز - پەس دەشت - چۆل بولۇپ، قۇملۇقتا كۇندۇزدىكى پىژغىرىم ئىسسىق

بىلەن كېچىدىكى قەھرىتان سوغۇق ئوخشاشلا دەھشەتلىك بولىدى-
كەن: چۈش ۋاقتىدا ئادەمنى كۆيدۈرگۈدەك قاتتىق ئىسسىق
بولسا، يېرىم كېچە بولغاندا جاننى ئالغۇدەك ئاچچىق سوغۇق
بولىدىكەن. بۇنداق ئۇزۇن سەپەردە سۇ تېپىش تولىمۇ تەس
ئىدى، شۇڭا كۈندۈزى ئات - تۆگىلەر ئىنتايىن چاڭقاپ كېتىدى-
غان بولغاچقا، بىز بەزىدە كېچىلىرى ئارام ئالماي مېڭىشقا مەج-
بۇر بولدۇق.



سەددىچىن سېپىلى ۋە جيايۈگۈەن قوۋۇقىنىڭ يىراقتىن كۆرۈنۈشى

كۈن ئولتۇرۇش بىلەنلا، ھاۋا ئىنتايىن سوۋۇپ جاندىن
ئۆتكۈدەك سوغۇق بولاتتى. بۇنداق چاغدا، ھارۋىكەشلەر دەرھال
قېلىن جۇۋىلىرىنى كىيىۋالاتتى. گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغاندا،
ھەممىمىز جىمجىتلىق قوينىغا غەرق بولاتتۇق، پەقەت ئاتلارلا
ئېغىر پۇشقۇرۇپ تەستە ئىلگىرىلەيتتى.
كەچكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى قۇملۇقتا رەڭگارەڭ
تاۋلىنىپ، يولىمىزنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

## 3. قۇملۇقتىكى ئاجايىپ مەنزىرە

يولدا بىز ھەمىشە ئۆتۈشۈپ تۇرغان تۆگە كارۋانلىرىنى ئۇچرىتىپ قالاتتۇق.

بىر كۈنى كەچتە، بىز يىراقتىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن كەلگەن بىر كارۋاننى ئۇچراتتۇق. ئۇلارنىڭ قاتار تىزىلغان ھارۋىلىرى ناھايىتى ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلغانىدى. بەزىدە ئالدىمىزدا چوڭ تۆگە كارۋانلىرى كېلىۋاتقان بولسا، خېلى يىراقتىنلا لەرزان كولدۇرما ئاۋازىنى ئاڭلايتتۇق، خېلى ئۇزاقتىن كېيىنلا ئاندىن ئۇلار ئالدىمىزدا پەيدا بولاتتى. بىر تۆگە كارۋىنى ئادەتتە ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 40 ~ 50 تۆگىدىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، تۆگىلەر ئېغىر پۇشقۇرغىنىچە ئاستا قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەپ، خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇپۇقتا ياكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىدا غايىب بولاتتى. بەزى كەچ ۋاقىتلىرىدا، بىز بىر غەيرىي قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالاتتۇق، بۇ قوڭغۇراق ئاۋازى قۇملۇقتا ماڭغان يولۇچىلارغا ئىنتايىن زىل ئاڭلىناتتى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ پوچتا ھارۋىلىرىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى ئىكەن.

يولدا بىز يەنە دائىم بىر - ئىككى پوچتىكەشنى ئۇچرىتىپ قالاتتۇق، ئۇلار ھەمىشە قۇملۇقتا چېپىپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن جۇشقۇن كۆرۈنىدىغان بولۇپ، كىشىگە تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار پۈتۈنلەي خەت - خەۋەر ھەم ئۇچۇر - ئالاقىلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بىرلا پاراڭلىشىپ قالسىڭىز، خوش دېمىگۈچە گېپى تۈگىمەيتتى.

بەزىدە يىراقتا ئىتنىڭ ھاۋشىغىنىدەك ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالسا، بۇ چوقۇم ئالدى تەرەپتە ياكى يېقىن ئەتراپتا يولۇچىلارنىڭ چۈشكۈنى بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كېچىدە غۇۋا پىلىلداپ تۇرغان ئوت يورۇقلىرى خۇددى قاراڭغۇدا جۇلالىنىپ تۇرغان

مەرۋايىتتەك كۆرۈنەتتى. كۈندۈزى بىپايان سارغۇچ قۇملۇقتا، دائىملا قۇملۇقنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش پاكار چېدىرلار كۆزگە چېلىقاتتى، ناھايىتى پاكار بولغاچقا، خۇددى قۇم بارخانلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. قۇملۇقنىڭ بۇ ئاجايىپ مەنزىرىسى ھەقىقەتەنمۇ كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇراتتى!

## 4. چىجىنباۋ (قىزىل قەلئە) دىن ئۆتۈش

بىز يول بويى ئىنتايىن ئاستا ماڭدۇق. كىچىكرەك شەھەر، يېزا - كەنتلەر ئۇچرىسىمۇ بېرىپ كۆرۈپ كەلدۇق، ئەمما ھەممىسىلا قاقاس ھەم چۆل ئىكەن.

بىز غەربىي جەنۇبتىن ئۇدۇل غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭغان بولساقمۇ، ئەمما چوڭ يولنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە چىجىنباۋ ۋە خۇاخەيزىگە[①] ئوخشاش مۇنبەت جايلار بار ئىكەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىز چىجىنباۋغا يېتىپ باردۇق، بۇ قەلئەگە ئوخشاش بىر كىچىك بازار بولۇپ، ئاھالىسى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما يەرلىرى خېلىلا مۇنبەت ئىكەن. بەش چاقىرىم نېرىدا خۇڭشەن بۇتخانىسى[②] دەيدىغان بىر بۇتخانا بولۇپ، كىشىلەر دائىم ئۇ يەردە ئىلاھلارغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىشقا كۆپ بارىدىكەن. بۇتخانىدا بىر بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاق ئەتراپىدا بەسەي ئېتىزى بار ئىكەن. نەچچە چاقىرىم نېرىدا دەل چىڭخەي چېگرىسىدىكى پاكار تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئاستىدا ئىنتايىن غۇۋا كۆرۈنىدىكەن. بۇتخانىنىڭ ئارقىسىدا ئۈزۈن كەتكەن قىزىل قۇملۇق دۆمبەل بولۇپ، خۇڭشەن بۇتخانىسى دېگەن نام مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن.

---

① خۇاخەيزى ( 花海子 ) — «بوستان كۆل» دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.
② خۇڭشەن بۇتخانىسى ( 红山庙 ) — «قىزىل تاغ بۇتخانىسى» دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.

چۈشتىن كېيىن، بىز چىچىنباۋدىن ئاتلاندۇق. يولنى قىسـ-
قارتىش ئۈچۈن بىر كىچىك يول بىلەن ماڭدۇق. بۇ كىچىك يول
بىر ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل جايدىن ئۆتىدىكەن، يەنە تېخى بىر
دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن قۇملۇقتىكى چوڭ يولغا
چىققىلى بولىدىكەن.

بىز بۇ كىچىك يولدا سەككىز ـ توققۇز چاقىرىمدەك ماڭغاد-
دىن كېيىن، توساتتىن هارۋىنىڭ ئۈستىدىكى بىر يۈكنىڭ چۈ-
شۈپ قالغانلىقىنى بايقىدۇق. ئېهتىمال، هارۋا سىلكىنگەن چاغدا
چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك، كەچ كىرگۈچە ئىزدىگەن بولساقمۇ
پەقەتلا تاپالمىدۇق. بۇ چاغدا هارۋىكەشلەر قاراڭغۇدا بۇ ناتونۇش
يول بىلەن مېڭىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، شۇڭا يەنىلا چوڭ يولغا
چىقىپ مېڭىشنى ئېيتتى. ئاخىر بىز يەنىلا كونا يول بىلەن
چىچىنباۋغا قايتىش قارارىغا كەلدۇق. هارۋىكەشلەر دەسلەپتە
ماڭغان يولدىن يانساق خەيرلىك بولمايدۇ دەپ قاراپ، قايتىشقا
ئۇنىمىغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت يەنىلا بىزگە بويسۇنۇپ ئارقىسىغا
قايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، بىرەيلەن كېلىپ تۈنۈگۈن ئاخشام ئالدى
تەرەپتىكى مەلۇم جايدا بۇلاڭچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى، بىر توپ
قاراقچىلارنىڭ كېچىدە ماڭغان بىر تۆگە كارۋىنىنى بۇلىغانلىقد-
نى، ئەهۋالنىڭ ناهايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى يەتكۈزدى. ئويلاپ
باقساق، تۈنۈگۈن كەچ ئەگەر ئارقىغا قايتماي مېڭىۋەرگەن بول-
ساق، بىزمۇ نەق بۇلاڭچىلارغا يولۇقۇپ، ئىسسىق جېنىمىزدىن
ئايرىلىپ قالىدىكەنمىز. شۇڭا، تەڭرىگە مىڭ شۈكۈر ئېيتىپ،
چۈشۈپ قالغان يۈكىمىزنىمۇ قايتا ئويلىمىدۇق. تۈنۈگۈن ئاخشام
بۇلاڭچىلىق يۈز بەرگەن جايدىن نەق كېچە سائەت بىردە ئۆتتۇق،
ئەتراپتا بىر كىچىك ئۆيلا بولۇپ، بىر بوۋاي تەنها ئولتۇرىدىكەن.
ئۇ يولدىن ئۆتكەن يولۇچى، سودىگەرلەرنى قايناق سۇ بىلەن
تەمىنلەيدىكەن.

ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردە بىردەم توختىشىمىزغىمۇ رۇخسەت قىلـ
مىدى، بىزنى: «ئىتتىكرەك مېڭىڭلار، قانچە تېز ماڭساڭلار
شۇنچە ياخشى» دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى. بىزمۇ ئۇنىڭ ياخشى
كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئارتۇقچە گەپ قىلماي مېڭىپ كەتتۇق.
كېچىدە قۇملۇقتا ھارۋىنى تېز ھەيدەشمۇ ئىنتايىن قىزىق بولىدىكەن.

## 5. خۇاخەيزى

دەل شىمالدا «خۇاخەيزى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بو-
لۇپ، ئۇ چوڭ ئېتىزلار بار مۇنبەت جاي ئىكەن. بىز جيۇچۈەندى-
كى چاغدىلا بۇ يەر توغرۇلۇق باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولغاچقا،
بېرىپ كۆرۈپ كەلمەكچى بولدۇق.

كۈن ئولتۇرغاندا، بىز چوڭ يولدىن چىقىپ شىمالغا بۇرۇ-
لۇپ كۆز يەتكۈسىز بىر دالىغا قەدەم باستۇق، يىراقتا گىياھسىز
قاقاس تاغ چوققىلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بارا ـ بارا قاراڭغۇ
چۈشۈپ، سۇرلۇك دالا تىمتاسلىققا چۆمدى. بىز بىر كىچىك
چىغىر يولغا چۈشتۇق، بۇ چىغىر يول ئىنتايىن تار بولۇپ، بىر
ھارۋا ئارانلا ماڭالايدىكەن. كېيىن يەنە بىر ئېگىز تاغ يولىغا
ئەگىلدۇق. يولنىڭ ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەيلا سۇرلۇك تاقىر
تاغلار بولۇپ، ھەر ۋاقىت تاغدىن تاش دومىلاپ چۈشۈپ، بۇ
خەتەرلىك ھەم تار تاغ يولىنى توسۇۋېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.
توساتتىن ئالدىدا ماڭغان ئات خۇددى بىرنېمىدىن ئۈركۈپ كەت-
كەندەك قاتتىق كىشنەپ كەتتى، بىز شۇنچە قارىغان بولساقمۇ
ھېچنېمىنى كۆرەلمىدۇق. ھارۋىكەش بېرىپ قاراپ باققاندىن
كېيىن بىلسەك، ئەسلىدە يولنىڭ يېنىدا نۇرغۇن تۆگە ئۇستىخان-
لىرى چېچىلىپ ياتقان، كۆپىنچىسىنى شامال ئۇپرىتىۋەتكەنىكەن.

بىز بۇ قاقاس تاغ جىلغىسىدا بىرنەچچە سائەت ماڭغاندىن
كېيىن، ئاستا ـ ئاستا بىر مۇنبەت جايغا يېقىنلاشتۇق، دائىرىسى

ئانچە كەڭ بولمىسىمۇ، يول بويىدا مۇشۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىدىغان بىرنەچچە ئائىلىلىك دېھقان ئولتۇراقلاشقانىكەن.

كېچىدە، بۇ يەردە ماڭغانلىقىمىزدىن ئانچە خۇش بولمىدۇق، چۈنكى ھەممىلا جايدا ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ھەم كاتاڭلار بولۇپ، ھارۋىلار ئۆتكەندە قاتتىق سىلكىنىپ، ئاتلارمۇ ھالسىراپ كېتەتتى. تېخى سۇيى چوڭقۇرراق ئۆستەڭلەر تېخىمۇ چاتاق بولۇپ، بېشىڭىزنى قايدۇرۇپ، كۆزىڭىزنى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋېتەتتى.

كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر توپ ئىتلارنىڭ قاۋاشقان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. بۇمۇ غەربىي شىمالدا كېچىسى سەپەر قىلغاندا يولۇقىدىغان بىر ۋەھىمە ئىدى. غەربىي شىمالنىڭ ئىتلىرى ئىنتايىن سۈرلۈك ھەم ۋەھشىي بولغاچقا، ھارۋىكەشلەر دەرھال ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، قامچىلىرىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ئىتلارنى قوغلىۋېتىشكە تەييارلاندى. تەلىيىمىزگە كەنتتىكى ياشلار چىقىپ ئىتلارنى باغلىۋەتكەندىن كېيىن، بىزنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى. بىز بىر خاماندا ئۆزىمىزنىڭ ھارۋىسىدا بىر كېچىنى راھەت ئۆتكۈزدۇق.

تاڭ ئېتىشى بىلەنلا، ئۆي ئىگىسى بىزنى ئويغىتىپ قويدى. بۇ ئىللىق چىراي ئايال بىر سېۋەت قوناق ئەكېلىپ، بىزگە يوللۇق تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىز يەنە خۇاخەيزى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتۇق.

بىردەمدىن كېيىن، بىز بۇ كىچىك كەنتتىن چىقىپ يەنە قاقاس دالىغا قەدەم قويدۇق. يولدا توپ ـ توپ تازقارىلار ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇلار ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بېشى پۈتۈنلەيلا تاقىر ئىدى. ئۆردەككە ئوخشاش ئىرغاڭلاپ ماڭسىمۇ، ئەمما ئۇچقاندا ئىنتايىن ھەيۋەت كۆرۈنەتتى.

كۈن ئولتۇراي دېگەندە، بىز ئاخىر خۇاخەيزىگە يېتىپ كېلىپ، بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. ئۆي ئىگىسى بىزنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، بىردەمدىلا كەچلىك تاماق تەييار

قىلدى. ئەمما، قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكىمىزدىن ھېچنېمىگە كۆڭلىمىز تارتمىغاچقا، بىرەر چىنىدىن چاي ئىچىپلا دەررۇ ئۇيقۇغا كەتتۇق.

ئەتىسى سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، قۇيماق بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئايلاندۇق. شەھەردە بۇرۇن بىر چىرايلىق كۆل بولۇپ، «خۇاخەيزى» دېگەن نام شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن. ئەمما، ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا بىر كىچىك كۆلچەكلا قاپتۇ، كىشىلەر ئۇ كۆلچەكتە يالىڭاچ چۆمۈلىدىكەن، دېھقانلارنىڭ ئۇلاغلىرىمۇ مۇشۇ كۆلچەكتىن سۇ ئىچىدىكەن.

شەھەر خېلى مۇستەھكەم سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، يەر شەكلى يۇمىلاق، كۆلىمى چوڭ، يەرلىرى تولىمۇ مۇنبەت ئىكەن. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بوي تارتىپ ئۆسكەن ئاق تېرەك ۋە سۆگەتلەر بولۇپ، ئېتىزلاردا بوغداي، تېرىق ۋە كەندىرلەر بۇلۇق ئۆسكەنىكەن. بىز شەھەر سىرتىدىكى بىر ئۆستەڭنىڭ ئېگىز قىرىنى بويلاپ مېڭىپ، كەڭ كەتكەن، مۇنبەت، چىرايلىق ئېتىزلارنى كۆردۇق. ھاۋا كۈنسېرى ئىسسىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، كېچىسى يەنىلا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. گۇگۇم چۈشكەندە غۇژمەكلىشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن پاشا ـ چىۋىنلەر سوغۇقتا ئاسانلا ئۆلۈپ قالىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# باھار شامىلى يۈمېنگۈەندىن ئۆتمەيدۇ

## 1. يۈمېندىكى قەدىمىي يادىكارلىقلار

خۇاخېيزىدىن چىققاندىن كېيىن، يۈمېن[1] گىچە بولغان سوزۇلغان، ئارىلىقى 150 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان قۇرغاق دەشتكە قەدەم باستۇق. ئاڭلىساق يولدا پەقەت بىرلا يەردە قۇدۇق بولۇپ، سۈيى سەل تۇزلۇق ئىكەن، ئۇ قۇدۇق بىر يالغۇز كەپىنىڭ ئىچىدە ئىكەن، كەپىدە بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئولتۇرىدىكەن.

كۈندۈزى ماڭغاندا، غەربىي شىمالنىڭ ئوتتەك ئىسسىقى جاندىن ئۆتەتتى، ئەمما كۈن قىيىلغاندىن كېيىنلا قاتتىق سوغۇق بولۇپ كېتەتتى. گۇگۇم چۈشۈشكە يېقىن بىز ھېلىقى كەپىگە يېتىپ كەلدۇق ۋە يېنىغىلا چېدىر تىكىپ، ئەدىيالغا يۆگىنىپ بىردەم كۆزىمىزنى يۇمۇۋالدۇق. بۇ ۋاقىتتا، قۇياشمۇ ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇۋاتاتتى، كەچكى شەپەق نۇرىدا دالىنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل كۆرۈنەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىز يەنە يولغا چىقتۇق.

يولۇچىلار جىايۈگۈەندىن چىقىپ بەش كۈن ماڭغاندىن كېيىن، يىراقتا سېپىل ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر چىرايلىق راۋاق — «يۈمېن» نى كۆرىدىكەن. بۇ چىرايلىق قورغاننى خېلى يىراقتىنلا كۆرگىلى بولىدىكەن.

---

[1] يۈمېن ( 玉门 ) — «قاشتېشى قوۋۇقى» دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.

جيۇچۇەندىن گەنسۇ چېگرىسىنى بويلاپ غەربىي شىمالغا قەدەر ھەر نەچچە چاقىرىم ئارىلىقتا بىردىن سېلىنغان قورغانلار دەل يۈمېنگە كەلگەندە ئاخىرلىشىدىكەن. يۈمېن مىلادىيىدىن 140 يىل ئىلگىرىلا سېلىنغان بولۇپ، ھازىرقى يۈمېن دەل ئاشۇ قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى يۈمېننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە شەكلىگە ئاساسەن قايتا سېلىنغانىكەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە، بىز يىراقتىن يۈمېن قوۋۇقىنى كۆردۇق. يولۇچىلار ئاندا ـ ساندا قوۋۇقتىن كىرىپ كېتىپ باراتتى. يۈمېننىڭ ئاساسلىق قوۋۇقىنىڭ ئۈستىگە ئىككى دۆلەت بايرىقى قادالغان، ئوتتۇرىسىدا بىر قوڭغۇراق بولۇپ، سېپىلغا يەنە «جۇڭگونىڭ دۆلەت ئار ـ نومۇس خەرىتىسى» ئېسىلغانىكەن، ئۇنىڭدا قولدىن كەتكەن جايلار قىزىل لاتا بىلەن بەلگە قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىنى بېرىدىكەن. بۇ خىل «جۇڭگونىڭ دۆلەت ئار ـ نومۇس خەرىتىسى» نى بىز غەربىي شىمالنىڭ باشقا شەھەر ـ بازارلىرىدىمۇ كۆپ كۆرگەنىدۇق.

يۈمېننىڭ قىياپىتى چۆللۈكنىڭ بويىدىكى باشقا شەھەرلەردىن ئانچە بەك پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. پەقەتلا «يۈمېن قوۋۇقى» ئالاھىدىرەك بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بۇنىڭدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدىكەن.

شەھەر ئەتراپىنىڭ سۈيى ئەلۋەك بولۇپ، سېپىلنىڭ سىرتى كەڭ كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلار ئىكەن. ئەتراپ پۈتۈنلەي پاتقاقلىق بولۇپ، مۇشۇ پاتقاقلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن شەھەرگە كىرگىلى بولىدىكەن. ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ سۇ بىلەن ئانچە خوشى يوق ئىكەن، سۇ بىرلا ئۇلغايسا ئېتىز، ھەتتا يوللارغىمۇ تېشىپ كېتىپ، يولنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدىكەن.

تارىختىكى مەشھۇر يۈمېنگۇەن ئۇزۇن دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ھېلىھەم كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان قەدى-

مىي جاي ئىكەن. تەھلىلچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەسلى گەنسۇنىڭ ئەڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدا، يەنى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىن 200 چاقىرىم نېرىدا ئىكەن. ئەمما، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ يەر دەل قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى يۇمېنگۇەننىڭ نەق ئۆزى ئىكەن.

## 2. سوغۇق چۆللۈك

بىز يۇمېندە ئۇزاق تۇرمايلا يەنە يولغا چىقتۇق.

چۆللۈكتە بىر نەچچە كېچە ـ كۈندۈز مېڭىش جەريانىدا، يەنە ئوندىن ئارتۇق قاقاس شەھەر ـ يېزىنى بېسىپ ئۆتتۇق. مەيلى كېچىلىرى ياكى كۈندۈزلىرى بولسۇن، بۇ قاقاس شەھەر ـ يېزىلاردىن ئۆتكەن چاغدىكى ئۆزگىچە ھېسسىياتىمىزنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايتتى. قاقاس يېزا ـ بازارلار، ۋەيرانە كوچىلار، تاشلاندۇق ئۆيلەر سۇرلۇك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپلا قۇملۇق خۇددى غايەت زور مەخلۇققا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، بۇ پايانسىز دالىنى ئىگىلەپ، ھەممە يەرنى قۇملۇققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكتىن، پۈتۈن ئەتراپنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن قاقاس ھەم چۆل كۆرۈنەتتى، بولۇپمۇ ئاي خىرە يورۇتۇپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق كېچىدە، خۇددى ئىگىسىز جەسەتلەردەك يېگانە تۇرغان، مەڭگۈ نام ـ نىشانسىز قالغان خارابە شەھەر، بازار، كەنتلەر كىشىدە بىر خىل تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز قايغۇلۇق ھەم ھەسرەتلىك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى.

## 3. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ جەننىتى — بۇلۇڭجى

يۇمېندىن ئەنشىگە بارغۇچە ئىنتايىن ئۇزاق يول بولۇپ، بەزىدە دەل ـ دەرەخلەر، بەزىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ئۇچراپ

تۇرسىمۇ، ئەمما يەنىلا قاقاسلىق ھەم قۇملۇق ئىكەن. سەنداۋكوۋ-دىن تەخمىنەن سەككىز - توققۇز چاقىرىم نېرىدا بىر قەدىمىي دەريانىڭ قىنى بار ئىكەن. بۇ يەرنىڭ تەكتىدە ئېھتىمال مول يەر ئاستى سۇيى بولسا كېرەك. دەريانىڭ ئىككى تەرەپىدە دەل - دەرەخلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، كۆپىنچىسى شاخلىرى ئېگىز ئۆسكەن يوغان سۆگەتلەر ئىكەن. ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ئاقتېرەككە سۆگەتنى ئۇلاپ، بىر خىل سورتلۇق دەرەخ يېتىشتۇرگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ خىل دەرەخنىڭ پايدىسى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناھايىتى تېز ئاينىيدىغان بولۇپ، سۇپىتى ئاق تېرەكنىڭكىدىن ياخشىراق ئىكەن.
يۇمېنىدىن 70 ~ 80 چاقىرىم ماڭسا، بۇلۇڭجىغا بارىدىكەن. بۇلۇڭجىمۇ ھازىر بىر خارابە شەھەرگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ۋەيرانە خارابىلىكلەردىن باشقا، پەقەت بىر ئەسكى دەڭ ھەم سېپىللا قاپتۇ. ئەمما، ئىلگىرى بۇلۇڭجى بىر ئاۋات چوڭ شەھەر ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 5000 ~ 6000 ئاھالە بار ئىكەن. لېكىن، ھازىر شەھەرنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇم بېسىپ كەتكەچكە، بۆرىلەرنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.
يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇلۇڭجى توغرىسىدا خىلمۇ خىل سىرلىق رىۋايەتلەر تارقالغانىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇلۇڭجى ئەسلىدە قەدىمكى ئىنسانلار ياشىغان جاي بولۇپ، يەر ئاستىدا ھېسابسىز بايلىقلار كۆمۈلگەنىكەن. يېقىن ئەتراپتىكى جايلاردىمۇ دائىملا جىن - ئالۋاستىلار پەيدا بولۇپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، ئەگەر قۇملۇقتا ئاغزى تاش بىلەن ئېتىلگەن پەلەمپەيلىك چوڭ ئۆڭكۈر ئۇچراپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسى، بولمىسا ئىچىدە نۇرغۇن بايلىقلار ساقلانغان خەزىنە ئىكەن.
ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى بىرنەچچەيلەن — گەرچە

ئۈلار ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇنتۇپ كېتىپتۇق — بىر خەزىنىنى تاپقانىكەن. ئۈلار مەشئەلنىڭ يورۇ- قىدا ئاختۇرۇپ، دەرۋەقە نۇرغۇن بايلىقلارنى تېپىپتۇ. ئۈلار ھەدەپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتقاندا، توساتتىن بىر غەلىتە مەخلۇق قانات قېقىپ ئۈلارنىڭ باش ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۈلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۆز- لىرىنى سىرتقا ئېتىپ، بايلىق بىلەنمۇ كارى بولماي بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. كېيىن بەزى كىشىلەر بۇنى شەپەرەڭ ئىكەن دېيىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەتراپتا ئەسلا شەپەرەڭ يوق ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ھېلىقى ئۆڭكۈرنىمۇ پەقەت ئىزدەپ تاپالماپتۇ. يەنە بىر قېتىم، بىر توپ ئىشلەمچىلەر يەر كولاۋېتىپ، بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە بېرىپ قاپتۇ ۋە ئويلىمىغان يەردىن ئالدى تەرەپتە بىر سۇس يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ. بېرىپ قارىسا، ئەسلىدە ئۇ بىر كىچىك جىنچىراغ ئىكەن. يېنىدا ئۆ- سۈملۈك مېيى قاچىلانغان يوغان بىر كۈپ بولۇپ، جىنچىراغنىڭ پىلىكى ئاشۇ كۈپكە چىلاقلىق ئىكەن. ھېلىقى كۈپ ئىنتايىن يوغان بولۇپ، مېيى جىنچىراغنى نەچچە يۈز يىل ياندۇرسىمۇ يېتىدىكەن.

ئۈلار بىزنى ئىشەنمەي قالمىسۇن دەپ، بىرنەچچە قەدىمىي گۈللۈك لوڭقىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى ۋە ئاشۇ قېتىم يەر ئاستى- دىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گۈللۈك لوڭقىلارنىڭ شەكلى غەلىتىلا بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ مۇزېيغا تىزىپ قويغۇچىلىكى بار ئىكەن. ئۈلارنىڭ بۇنداق ھېكايىلىرى خۇددى «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىگىلا ئوخشاش بولۇپ، ئۈلارنى توپلاپ «يېڭى مىڭ بىر كېچە» قىلىپ نەشر قىلسىمۇ بولىدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 4. قۇملۇقتىكى ئالۋۇن

بۇلۇڭجىدىن چىققاندىن كېيىن، بىز يول ئۈستىدە يەنە نۇر-غۇن خارابە شەھەر ـ يېزىلارنى كۆردۇق. بەزىدە خوشلۇقىمىز تۇتۇپ كەتكەندە، بۇ خارابە شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە ھەريان چۆرگى-لەپ، ئۇ باشتىن ـ بۇ باشقا بېرىپ ئايلاندۇق. ئۇلارنىڭ ھەممى-سىلا چۆلدەرەپ كەتكەن شەھەرلەر بولۇپ، بورانلىق كېچىلەردە شامال ھەريان ھۇشقۇرتۇپ، قۇم ـ توپىلارنى ئۇچۇرۇپ، جىم-جىت كوچىلاردا ئەسەبىيلەرچە پىرقىرايتتى. بۇ خىل مۇھىت ھەقىقەتەنمۇ كىشىدە ئاجايىپ خىيالىي تۇيغۇلارنى قوزغايتتى.

كۈندۈزلىرى، كۆز ئالدىمىزدىكى قۇملۇقتا دائىم ئاجايىپ ـ غارايىپ ئالۋۇنلار زاھىر بولاتتى. بەزىدە دوربۇن بىلەن يىراقلار-غا نەزەر سالساق، ئالدى تەرەپتە چوڭ دەريا كۆرۈنگەندەك قىلات-تى، ئەمما يېقىن بېرىپ قارىساق، كۆزىمىزگە بىر كۆل رەڭ قۇملۇق ھەم كۆز يەتكۈسىز ئۇپۇقلا كۆرۈنەتتى.

## 5. بورانلىق شەھەر — ئەنشى

ئۇزۇن ئۆتمەي قەدىمىي شەھەر — ئەنشىگە يېتىپ كەلدۇق. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى پۈتۈنلەيلا قۇم بولۇپ، ئېگىزلىكى سې-پىل بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا ئىكەن، شۇڭا شەھەرنى بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدىلا قۇم يۇتۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئەنشى ئاچ-چىق سوغۇق نەشتەردەك سانجىلىپ، بوران ھەريان ئۇشقىرتىپ تۇرىدىغان شەھەر بولۇپ، ئەتراپ پۈتۈنلەيلا قاقاسلىق بولغاچقا، كۆمۈر ۋە ئوتۇن ـ ياغاچقا ئوخشاش نەرسىلەرنى تېپىش ئىنتايىن تەس ئىكەن. شەھەردە كۈندە دېگۈدەك قاتتىق بوران چىقىپ

تۇرىدىكەن. قىشتا ئېخىمۇ كۆچىيىپ ھەتتا كىشىلەرنى دۇكانلى-
رىنى تاقاپ، ئىش ـ ئوقىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلىدىكەن.
شۇڭا، قىشتا ھەممىلا كىشى تېزەك قالانغان سۇپىنىڭ ئۈستىدىن
قوپماي، كېچە ـ كۈندۈز ئەپيۇن تارتىپ، «جەننەت» نىڭ ھۇزۇ-
رىنى سۈرىدىكەن.

ئەنشى شەھىرى تۆت ئاچا يولنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان، جيۇ-
چۈەندىن كەلگەن يول بۇ يەردىن شىنجاڭنىڭ شەرقىگە — قۇمۇلغا
ئەگىلىپ كېتىدىكەن، يەنە بىر يول بولسا دەل قۇملۇقتىكى
مەشھۇر شەھەر دۇنخۇاڭغا بارىدىغان يول ئىكەن.

# ئۈچىنچى باب

## «كىچىك بېيپىڭ» دەپ ئاتالغان دۈنخۇاڭ

### 1. دۈنخۇاڭ سەپىرى

***يانار تاغ خارابىسى***

دۈنخۇاڭ ئەنشىگە ئەڭ يېقىن بولسىمۇ، ئەمما نەق تۆت كۈن ماڭغاندىلا، ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن، يولى تولىمۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئەگرى - توقاي ئىكەن. يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرلەردىكى كىشىلەر دۈنخۇاڭنى «كىچىك بېيپىڭ» دەپ ئاتىشىدىكەن.

بىز يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئەتراپتىكىلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ، يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلىدۇق ھەم ئاتلارنى ئوبدان تويدۇرۇۋالدۇق.

ئەنشىدىن چىققاندىن كېيىن، بىر ئۈزۈن سوزۇلغان يانار تاغنى بويلاپ ئىلگىرىلىدۇق. لېكىن، پۈتۈن بىر كۈن مېڭىپمۇ بېشىغا يېتەلمىدۇق. بۇنداق يانارتاغلارنىڭ مەنزىرىسى ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، قارىسا بەزىدە يىراق، بەزىدە يېقىن كۆرۈنىدىكەن، ئۈنىڭ ئۈستىگە قۇياش نۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كۆك، بىغىر رەڭ، ئاقۇچ كۈل رەڭگە ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. يانارتاغ ئۈستىدە ھېچقانداق گىياھ يوق بولۇپ، نۇرغۇن قۇرۇپ كەتكەن ئېقىنلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، چەت - ياقىلىرى قۇم - شېغىللىق گىياھسىز يانتۇ ئېگىزلىكلەرنىڭ

ئوتتۇرىسىدا غايىب بولىدىكەن.
يول بويىدىكى ھەممىلا ئۆتەڭلەردە كىچىك دەڭلەر بار ئى-
كەن. بۇنداق دەڭلەر پەقەت بىرلا ئېغىزلىق تار، كۆرۈمسىز
ئۆيلەر بولۇپ، ئاران ئىككىلا ئادەم پاتىدىكەن، سۇيىمۇ تۇزلۇق
قۇدۇق سۈيى ئىكەن.

### *جاپالىق كېچە*

بۇ كېچە بىز ئۈچۈن ئەڭ جاپالىق بىر كېچە بولدى.
جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا، بىز پايانسىز
شورلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ يول بىلەن ماڭدۇق. يۇلتۇز-
لارنىڭ خىرە نۇرىدا كەڭ شورلۇقنىڭ ھەممىلا يېرى سۇس چاق-
ناپ تۇراتتى. بىر كىچىك دەڭگە يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا،
ھەممەيلەن بىر كېچە ئوبدان ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇشتى. ئەم-
ما، دەڭ ئىگىسى ئاتلىرىمىزغا بەرگۇدەك ھېچقانداق يەم ـ بوغۇز
يوقلۇقىنى ئېيتىپ تەلىپىمىزنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز
يەنە مېڭىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئالدىمىزدىكى قېلىن قۇملۇقتىن
ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئامال قىلماقچى بولۇشتۇق. ئاتلىرىمىز
يەنە تۆت سائەت ماڭسىلا، ئاندىن ئالدى تەرەپتىكى ئۆتەڭگە يېتىپ
بارالايتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھارۋىلارنى سۆرىيەلىگۇدەك ھالىنىڭ
بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيتتۇق.
بىز ئامالسىز ھارۋىنىڭ ئۈستىدە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ،
ئاندىن يەنە ئىلگىرىلىدۇق. بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان سەھەر سائەت
تۆت بولۇپ قالغانىدى. سوغۇق شامال نەشتەردەك سانجىلىپ
تۇرسىمۇ، كۆپچىلىك قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، بىردەم بول-
سىمۇ ئۇخلىۋېلىشنىلا ئويلايتتى.
قاراڭغۇدا، بىز يولدىن ئادىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ھەر
يېرىم ئۆتەڭ يولغا بىردىن ئورنىتىلغان يول بەلگىسىنى بويلاپ
ماڭدۇق. تەلىيىمىزگە ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاڭ سۈزۈلدى، بۇ ۋاقىتتا

تازا ئوبدان قارساق، بۇنداق يول بەلگىلىرى نەچچە چاقىرىمغىچە تۈگىمەيدىكەن.

ئاخىر بىز بىر كىچىك كەپىگە كەلدۇق، هارۋىكەشلەر بىرىپ ئىشىكنى گۈمبالاشتىپ ئۇرغىلى تۇردى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن بىر قېرى موماي ئىشىكنى ئېچىپ بىزنى ئىچكىرى كىرگۈزدى ۋە بىردەمدىلا ئوت قالىدى، بىز چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتتۇننىڭ ئىسسىقىدا ئاستا ـ ئاستا ئەسلىمىزگە كەلدۇق. موماي بىزنىڭ دۇگدىيىپ تۇرغان بىچارە هالىتىمىزنى كۆرۈپ، هەش ـ پەش دېگۈچىلا بىر چاڭگال قۇرۇق دەرەخ يوپۇرمىقىنى سېلىپ بىر چۆگۈن چاي قايناتتى. چاي قاينىغاندىن كېيىن، بىز خۇددى قەنت چاي ئىچكەندەك هوزۇرلىنىپ ئىچىشتۇق.

ئىسسىق چاينى ئىچكەنلىكتىنمۇ ياكى ئوتتۇننىڭ ئىسسىقىدىنمۇ ۋە ياكى مومايىنىڭ مېهرىبانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ دەرهاللا پۇت ـ قولىمىزغا جان كىرىپ، قايتىدىن يولغا چىققۇدەك كۈچ ـ ماغدۇرغا ئىگە بولدۇق.

### *دۇنخۇاڭ هەققىدە پارچە*

ئەتىسى كۈن چىقاي دېگەندىلا، بىز دۇنخۇاڭ شەهىرىنىڭ قوۋۇقىنى غۇۋا كۆردۇق. ئەتىگەندىكى سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى، ئەمما هېلىمۇ ياخشى يېرىم يولدا بىر باغلام شال پاخلى تېپىۋالغانىدۇق (ئېهتىمال، دېهقانلارنىڭ هارۋىسىدىن چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك)، شۇنى قالاپ بىرئاز ئىسسىنىۋېلىپ، شەهەرگە روهلۇقراق كىرمەكچى بولدۇق.

خىرە كۈن نۇرىدا، بىز تۆت ئەتراپى مېۋىلىك باغلار بىلەن ئورالغان دۇنخۇاڭ شەهىرىگە نەزەر سالدۇق. بۇ مېۋىلىك باغلار ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق سۇلىرى بىلەن سۇغىرىلىپ تۇرىدىكەن. باراقسان ئۆسكەن مېۋە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىك دەرەخلەر ئىنتايىن يېقىملىق كۆرۈنەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىن-
چىسى نەشپۈت دەرىخى ئىكەن، شۇ سەۋەبتىنمۇ دۈنخۇاڭنىڭ
نەشپۈتى داڭلىق ئىكەن. يالتىراپ تۇرغان شەبنەملەر يوپۇرماق-
لارنىڭ ئۈستىدە ئۈيۈپ قالغان بولۇپ، بۇ مەنزىرە كىشىگە تولى-
مۇ ھۇزۇر بەخش ئېتىدىكەن.

دۈنخۇاڭ شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا،
بۇ ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىكەن. ئۇ نۇرغۇن كېسىشكەن چوڭ
يوللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، لاسا (شىزاڭ)، موڭ-
غۇلىيە، ھىندىستان ۋە سىبىرىيىگە بارىدىغان يوللارنىڭ ھەممى-
سى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىكەن. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خوتەن،
يەركەن ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ
دۈنخۇاڭدىن چوقۇم ئۆتىدىغان بولۇپ، دائىملا 60 ~ 70 قېچىر-
لىق چوڭ كارۋانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن، ئۇلار 50 كۈن
مېڭىپ، ئاندىن بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيدىكەن.

گەنسۇ تەۋەسىدە، دۈنخۇاڭ تارىختىن بۇيان ئىنتايىن مۇھىم
ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئوخشاشمىغان ناملىرى
بولغان. خەن گاۋزۇ دەۋرىدە، ئەڭ گۈللىنىپ، كېيىن ئۇرۇشتا
ۋەيران بولۇپ، ئاھالىلەر پىتىراپ كەتكەن. دۈنخۇاڭنىڭ ئەڭ
بۇرۇنقى نامى شاجۇ بولۇپ، بەش دەۋر مەزگىلىدە، غەربىي لياڭ
دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان، كېيىن زاڭزۇلار ئولتۇراقلاشقان،
يەنە خەنزۇلارنىڭ ھۇنلارغا قارشى تۇرۇشىدىكى ئالدىنقى قاراۋۇل-
خانىسى بولغان. ھازىر دۈنخۇاڭدا ھىندى يېزىقى، سانسكرىت
يېزىقىدىكى نۇرغۇن ئابىدىلەر ساقلانغان بولۇپ، يەنە تېخى بىر
خىل تونۇغىلى بولمايدىغان يېزىق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يېزىقىغا
ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى يېزىقلارمۇ بار ئىكەن.

ھازىر، ئۆرۈلۈپ كەتكەن سېپىل تېمى ۋە شەھەر ئىچىدىكى
ئاق يەردىن باشقا، قەدىمكى دۈنخۇاڭ شەھىرىدىن ھېچقانداق
ئەسەرمۇ قالماپتۇ، شەھەر رايونى ئاللىقاچان كۆكتاتچىلارنىڭ

يېرىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. هازىرقى دۇنخۇاڭ شەھىرى كونا شەھەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئوتتۇرىنى بىر دەريا ئايرىپ تۇرغاچقا، شەھەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كىچىك ئىكەن. شەھەرنىڭ شەرقى سودا رايونى بولۇپ، ئاساسىي ئاھالىسى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئىكەن. ئۇلار هازىر پەيدىنپەي بۇ جاينىڭ يەرلىرىنى ئىگىلەشكە باشلىغان، ئېتىزلاردا دائىملا قىپقىزىل كىيىم كىيىۋالغان، بېشىغا يەلپۈنۈپ تۇرغان رومال ئارتىۋالغان مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

يەرلىك خەنزۇلار، مەيلى باي ـ كەمبەغەل، ياش ـ قېرى، دېھقان ـ سودىگەر ياكى هۈنەرۋەن بولسۇن، پەقەت ئەپيۇن غاڭزىسى قولىدىلا بولسا، هېچقانداق ئىش قىلىشنى خالىمايدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى بارا ـ بارا تۈگەشتۈرۈۋېتىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن تەڭ تۇرالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى، دىنىنىڭ چەكلىشى تۈپەيلىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ هېچقايسىسى ئەپيۇن چەكمىگەچكە، بارا ـ بارا هۆكۈمرانغا ئايلانغىلى تۇرۇپتۇ.

## *گۈزەل قەشقەر ئاياللىرى*

ئارىمىزدىكى ئايال هەمراھلىرىمىز شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى قەشقەردىن كەلگەن ئىككى ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسىلا ئىنتايىن چىرايلىق، خۇددى سۈرەتتەك گۈزەل، بويلىرى ئەۋرىشىم بولۇپ، ئادەمنى تولىمۇ مەھلىيا قىلاتتى. ئۇچىسىغا چىرايلىق ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىغا نەپىس توقۇلغان، ئىنچىكە بەللىرىگىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان چۈمبەل ئارتىۋالغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ زىلۋا، لاتاپەتلىك كۆرسىتىپ، كىشىنى ئىختىيارسىز هاياجانغا سالاتتى.

ئۇلار بىز تۇرغان يەرگە يوقلاپ كەلدى، ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆتۈكلىرىنى سېلىپ، سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇزۇن پاچاقلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇردى. ئۇلار گەنسۇنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە

www.uyghurkitap.com

سۆزلىيەلەيدىكەن، بىردەم ئوچۇق ـ يورۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇر-
غاندىن كېيىن، خوشلىشىدىغان چاغدا يەنە بىزنى چۈشتىن كېيىن
ئۆيلىرىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. دەرۋەقە،
بىر سائەتتىن كېيىن ئۇلار كىچىككىنە ئۆتۈك كىيىۋالغان ئوماق
ئىككى بالىنى بىزنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بىز ئۇلارنىڭ
ھىمايىسىدە يولدا بىرقانچە ۋەھشىي تايغاندىن داجىپ ئۆتۈپ، بىر
چوڭ قورۇغا كەلدۇق ۋە دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن بىر
كەڭرى سەينادىن ئۆتۈپ، ئىچكىرىدىكى ئايۋانغا كىردۇق. ئۇلار
پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىزنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىكەن.

تەخمىنەن يېرىم سائەتچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بىر مالاي
ئايال يوغان تاۋاقتا پىشۇرۇلغان قوي گۆشى ئەكىردى.

ئايال ساھىبخانا گۆشنى ناھايىتى ئەپچىل پارچىلاپ، ھەربى-
رىمىزگە بىر پارچىدىن تۇتقۇزۇپ قويىدى ھەمدە: «بىزنىڭ ئادە-
تىمىزدە چوكا ئىشلەتمەيمىز، توغرا چۈشەنگەيسىلەر» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، بىز گۆشنى قولىمىزدا تۇتۇپ يېيىشكە باش-
لىدۇق، گۆش ناھايىتى تەملىك پىشقاچقا، ئىنتايىن ھۇزۇرلى-
نىپ يېيىشتۇق، ھېلىقى شوخ بالىلارمۇ چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ
گۆش يېيىشتى، ئوتتۇرىدىكى سېرىق مىس تاۋاق سۆڭەك بىلەن
توشۇپ كەتتى. بۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىق بىزدە ھەقىقەتەنمۇ
بىر ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

## 2 . مىڭئۆيلەرگە زىيارەت

### *تىك ھەم خەتەرلىك يول*

بىز دۇنخۇاڭغا كەلگەندىلا، كىشىلەر بىزگە: «سىلەر مىڭ-
ئۆي دەپ ئاڭلىغانمۇ؟ ئۇ بۇ يەردىن پەقەت 20 ~ 30 چاقىرىملا
يىراقلىقتا، ئۇ پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق جاي، سىلەر كۆرمەي
كەتمەڭلار» دېگەنىدى.

مىڭئۆيلەر لېيىن (گولدورماما) ئىبادەتخانىسى بار جايدا بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئويۇپ ياسالغان بۇتلار سەنئەت جەھەتتىكى ئاجايىپ نەپىسلىكلىكى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ دۇنياغا مەشھۇر ئىدىكەن. شۇڭا، بىز بىر بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى نىيەت قىلدۇق ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ قويدۇق. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان دوستىمىز بىزگە يول باشلاش ھەم يولدا بىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئىككى چېرىكنى قوشۇپ قويدى.

يول بويى بۇ ئىككى چېرىك بىز بىلەن ئىنتايىن خۇشخۇي پاراڭلىشىپ ماڭدى، بىز ئۇلارغا نەشپۈت ئاقلاپ بەردۇق ھەم ئازراق تالقان بەردۇق، شۇڭا ئۇلارمۇ توختىماي شۇ جايدا بولغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىزگە سۆزلەپ بەردى. بۇ يول ھەقىقەتەنمۇ ناچار ھەم ئەگرى ـ توقاي ئىكەن، ئەگەر ئۇ ئىككىسى بولمىغان بولسا، بىز چوقۇم خېلى ھەرەج تارتىدىكەنمىز.

تۆت ئەتراپى مۇنبەت تۇپراقلىق دۇنخۇاڭ شەھىرىدىن چىققاندىن كېيىن، بىز قېلىن قۇملۇقتا ناھايىتى تەستە ئىلگىرىلىدۇق، يەنە تېخى تىك ھەم خەتەرلىك يانتۇلۇقلاردىن ھالقىپ ئۆتتۇق. ئالدىمىزدا بىر ئۇزۇن كەتكەن قۇملۇق تۆپىلىك خۇددى باش ـ ئاخىرى يوقتەك شەرق تەرەپكە سوزۇلۇپ ياتقان بولۇپ، شەكلى شامالنىڭ يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قۇملۇق تۆپىلىكنىڭ ئاستىدا قەدىمكى ئىزلار بولۇپ، قەدىمكى كىتابلاردىمۇ بۇ يەردە ئىلگىرى ئاز دېگەندىمۇ ئىككى شەھەر بولغانلىقى، بۇرۇن موڭغۇل خانلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەنىكەن. ئەمما، ھازىر ئۇلاردىن ھېچقانداق ئەسەرمۇ قالماپتۇ. يەر شەكلىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ۋاقىتلاردا بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ بىر ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، كېيىن كەلكۈن ھەممىنى ۋەيران قىلىپ، دۇنخۇاڭ شەھىرىلا تەنھا ساقلىنىپ قالغانىكەن، شۇڭا دۇنخۇاڭنى شۇبھىسىزكى قۇملۇقتىكى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىچىك يېشىل ئارال دېيىشكە بولىدىكەن.



دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەر

ئىككى - ئۈچ سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، قېلىن قۇملۇقتىن ئۆتۈپ شېغىللىق يەرگە قەدەم باستۇق، يەر ئۈستىدە نېپىز تاشلار يالتىراپ تۇراتتى. كېيىن يەنە بىر دەريا قىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان پەس يەر بىلەن ماڭدۇق. ئىككى تەرەپ پۈتۈنلەي تاشلىق بولۇپ، بارا - بارا ئېگىزلەپ بارىدىكەن. بىز دەريا قىنىنى بويلاپ مېڭىپ قۇملۇق تۆپىلىكنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدىمىزدا تۇيۇقسىز بىر مۇنبەت يېشىللىق پەيدا بولدى، ھەممىلا يەر چىرايلىق ئاق تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بەزىلىرى تېخى ياپيېشىل، بەزىلىرى ئالتۇن رەڭگە كىرگەنىكەن.

## ***كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋاڭ راھىب***

ئالدىمىزدىكىسى دەل مىڭئۆيلەر ئىكەن. دۇنخۇاڭدىن بۇ



ئىلگىرى چەت ئەللىكلەرگە پوتوكلەرنى ساتقان ۋاڭ راھىب

يەرگە كەلگىچە، يول بويى ھېچقانداق ئادەمزات ئىزى ئۇچرىمى-

www.uyghurkitap.com

دى، پەقەت سانسىز بۇددا غارلىرىنىلا كۆردۇق.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مىڭئۆيلەرگە قارايدىغان ۋاڭ راھىب[1] ئەسلى خۇبېي ئۆلكىسىدىن كەلگەن راھىب بولۇپ، 30 ~ 40 يىلنىڭ ئالدىدا يول بويى سەدىقە تىلەپ يۈرۈپ مۇشۇ مىڭئۆيلەرگە كەلگەنىكەن. ئۇ ۋاقىتتا لېيىن ئىبادەتخانىسى گىيامۇ ئۈنمەيدىغان قاقاس جاي ئىكەن، بىر كىچىك ئېقىنلا بۇ يەردىن ئۆتۈپ قۇملۇققا سىڭىپ تۈگەيدىكەن. ئۇ كېلىپلا بۇ يەرنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزى يالغۇز ئىشلەپ، ئېقىن سۈيىدىن پايدىلىنىپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپتۇ ھەمدە نۇرغۇن كۆچەت تىكىپتۇ، كېيىن بىرمۇنچە شاگىرت توپلاپتۇ. ئۇ يەنە كەڭ ھەم ئازادە بىر ئۆي ساپتۇ، ئىچىدە چوڭ بىر خانا، ئىككى يېنىدا ئىنتايىن پاكىز نۇرغۇن ھۇجرىلار بار ئىكەن. ئۇ ئۆزى بىر كىچىك ئۆيدە تۇرىدىكەن، يېنىدا كىچىككىنە بىر ئاشخانىسى بار ئىكەن. ئۇ دائىم يىراق - يېقىندىكى ھەر قايسى جايلارغا بېرىپ، مىڭئۆيلەرنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئىئانە توپلايدىكەن، بەزىدە قەدىمىي نوم پۈتۈكلىرىنى ئۇچرىتىپ قالسا، مۇزېيغا ۋە يىغىپ ساقلىغۇچىلارغا نۇرغۇن پۇلغا تېگىشىپ، ھەممىسىنىلا مىڭئۆيلەرنى ياساپ بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىكەن.

### *بۇت ۋە تام رەسىملىرى*

تۆپتۈز كەتكەن تىك قىيالىقتا، قول بىلەن ئويۇپ ياسالغان نۇرغۇن غارلار بولۇپ، ھەممىسىنىڭلا «ئۈچ ئالەم نۇرانە بۇتخانىسى»، «بۇددا قەسرى»، «تەتاگەتە سارىيى» دېگەندەك ئۆزىگە خاس ناملىرى بار ئىكەن. غارلارنىڭ تاملىرىنىڭ ھەممىسىدىلا رەسىملەر بار ئىكەن، غەربىي شىمالنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق بولغاچقا، بۇ تام رەسىملىرى ئىنتايىن ياخشى ساقلىنىپ قالغانىكەن،

① بۇ يەردىكى ۋاڭ راھىب ۋاڭ يۈەنلۇنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما بەزى غارلارنىڭ ئالدى يۈزى ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. غارلارنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ساپ، تاملارنىڭ يېرىقلىرىدىن كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىكەن، بەزى غارلارغا چىقىش ئىنتايىن تەس بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆڭكۈرلەر بىلەن مېڭىپ، يەلپۈگۈچسىمان كىچىك ئىشىكلەردىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن بارغىلى بولىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىكەن. تام رەسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يىل دەۋرى ئىنتايىن ئۇزاق بولۇپ، خەن سۇلالىسى① دەۋرىگە مەنسۇپلىرىمۇ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپلىرىمۇ بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ نەپىسلىرى پۈتۈنلەيلا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەن.

چوڭ بۇتلارنىڭ ھەممىسى يوغان غارلارنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بەزى غارلارنىڭ ئىچىگە يەنە ئايرىم خانا ياسالغانىكەن. بۇتلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈن تەنلىك بولۇپ، چوڭلۇقىدىن ئادەمنىڭ قورقۇسى كېلىدىكەن، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە قىياپىتى ئىنتايىن جانلىق، ھەممىسىنىڭلا بېشىدا نۇر چەمبىرىكى بار ئىكەن، يەنە تېخى بىر يەردە غەربتىكى بېھىش ماكانىغا ئوخشىتىپ ياسالغان غار بولۇپ، گۈزەل پەرىزاتلار كۆل بويىدا ياكى كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرۇپ، نېلۇپەر كۆلىنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قۇشلارنى تاماشا قىلىشىۋاتقان، شادىمان كىچىك پەرىشتىلەر خۇشبۇي خاسىيەتلىك مېۋىلەرنى يېيىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بار ئىكەن.

بىز يەنە بىرقانچە چوڭ بۇتنى كۆردۇق، قارىماققا ئېگىزلىكى ئون جاڭ ئەتراپىدا كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۈستى ئوچۇق يوغان بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بېشى ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قاپتۇ. ئەگەر بۇ سان ـ ساناقسىز بۇتلارنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ يازسا، ئۇ ھالدا چوقۇملا بىر قېلىن كىتاب بولىدىكەن.

---

① ئەمەلىيەتتە، دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ تام رەسىملىرى يوق. بۇ بىر خاتا چۈشەنچە، چۈنكى مىڭئۆيلەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن ياسالغان.

www.uyghurkitap.com

## لىبىيىن ئىبادەتخانىسىدىكى بىباھا خەزىنە

لىبىيىن ئىبادەتخانىسىدىكى بىر بۇدساتۋاخانا ئىچىدە، نۇرغۇن بىباھا نوم پۇتۇكلىرى ۋە باشقا ۋەسىقىلەر ساقلانغانىكەن. بۇ يەردە خەنزۇچە، تىبەتچە، سانسكرىتچە پۇتۇكلەردىن باشقا، يەنە سۇرىيە ۋە شىمالىي ياۋروپادا پەيدا بولغان قەدىمىي يېزىقلاردىكى پۇتۇكلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلاردىن باشقا، يەنە بىر خىل ئالاھىدە يېزىقتىكى پۇتۇك بولۇپ، بۇ خىل يېزىق قەدىمكى پېرسىيىدىكى مانى دىنى مۇخلىسلىرى قوللانغان يېزىققا ئوخشايدىكەن. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە تۇغ ـ ئەلەملەر، نۇرغۇن قەدىمىي بۇيۇملار ۋە ئىنتايىن قىزىقارلىق ھۆججەتلەر بار ئىكەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەنگلىيىلىكلەر 1907 ـ يىلى لوندوندىكى خان جەمەتى كۇتۇپخانىسىغا ئەكەتكەنىكەن[①].

ئەڭ جەنۇب تەرەپتىكى غارلارنىڭ ئىچىدە، يېقىنقى زاماندا ياسالغان نۇرغۇن ھەيكەللەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە «قاباھەت ئىلاھى» نىڭ بىر ھەيكىلى بولۇپ، يېنىدا ئۆرە تۇرغان، تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىككى ئەلچىسىنىڭ ھەيكىلىمۇ بار ئىكەن. بىرى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، قولىدا ئەپيۇن تۇتۇپ، كىشىلەرنى ئۆلۈمگە قىزىقتۇرۇۋاتقان ھالەتتە ئىكەن؛ يەنە بىرى ئايال ئالۋاستىنىڭ ئۆزىنى بوغۇزلاۋاتقان ھالىتى بولۇپ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى خۇددى كىشىلەرنى ھالاكەتكە ئۈندەۋاتقاندەك سۈرلۈك پارقىراپ تۇرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەرگە تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن نۇرغۇن يىگى كېلىنلەر بۇ ئايال ئالۋاستىنى كۆرگەندىن كېيىن، دائىملا ئۆزىنى بوغۇزلاپ ئۆلۈۋالىدىكەن.

مىڭئۆيلەرنىڭ تۆت ئەتراپى خىلۋەت قاقاس دالا بولسىمۇ، يىل بويى نۇرغۇنلىغان ئىخلاسمەن ئەر ـ ئاياللار توختىماي بۇ يەرگە كېلىپ بۇت تاۋاپ قىلىدىكەن، شۇڭا ئىباتخانىدا كۈجە

---

① بۇ يەردا دۇنخۇاڭدا ۋەسىقە ـ پۇتۇكلەرنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئەنگلىيە ئارخېئولوگى ئاۋرېل ستەيىننى كۆرسىتىدۇ.

كۆيدۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن. يەنە بەزى كىچىك پۈتلۈق ئايالىلار ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي، خەتەرلىك قىيا يوللىرىنى بويلاپ يۇقىرىغا يامىشىپ، قانچىلىك ھېرىپ كەتسىمۇ، ھەربىر بۇتنى تاۋاپ قىلمىغۇچە بولدى قىلمايدىكەن. چۈنكى، ئۇلار ئەگەر بىرەر بۇتنى تاۋاپ قىلماي قويساق، بىھۆرمەتلىك قىلىپ قويىمىز، ئۇ بۇتنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايمىز دەپ قارايدىكەن.

## 3 . سېھىرلىك يۆيا كۆلى

### *يۆيا كۆلى[①] نىڭ مەنزىرىسى*

دۇنخۇاڭغا قايتقاندىن كېيىن، يېقىن ئەتراپتا يەنە بىر مەشھۇر جاي — يۆيا كۆلىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدۇق.

كىشىلەر: «مىڭئۆينى ئادەملەر ياسىغان، يۆيا كۆلىنى بولسا ئىلاھ ياسىغان» دېيىشىدىكەن. شۇڭا، بىز ئۇ يەرنىمۇ بىر كۆرۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلدۇق.

يۆيا كۆلى دۇنخۇاڭدىن ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، ئەمما ئېيىتىشلارغا قارىغاندا ئىنتايىن غەلىتە جاي ئىكەن، يېقىنلاپ بارغان ۋاقتىڭىزدا، ئۇنىڭ زادى قەيەردىلىكىنى بىلمەي قالىدىكەنسىز، كىشىلەر يەنە بىزگە ئۇ يەرگە بارىدىغان يول تولىمۇ جاپالىق دېدى. شۇڭا، بىز هارۋىغا يەنە ياخشى ئاتتىن ئۇچنى قوشتۇق.

شەھەردىن چىقىپ بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن، جەنۇبقا سوزۇلۇپ كەتكەن بىر قۇملۇق دۆڭنىڭ ئاستىغا كېلىپ توختىدۇق. بىز ئۇياق - بۇياققا قاراپ، يولدىن ئازغىنىپ قالمىغانلىقىمىزغا ھۆكۈم قىلغان بولساقمۇ، ئەمما قاياققا مېڭىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. ئاخىر ئۇلۇغ تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. كېتىۋېتىپ توساتتىن بىر ئات قۇمغا پېتىپ قېلىپ پۇتىنى تارتىپ چىقىرالمىدى. قالغان ئىككى ئات ھەدەپ ئالدىغا چاپچىپ تۇرغاچ-

① يۆيا كۆلى ( 月牙湖 ) — «ھىلال ئاي كۆلى» دېگەن مەنىدە — مۇھەررىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ
www.uyghurkitap.com

قا، ئۇ ئات يىقىلىپ چۈشۈپ، ئاغزى ـ بۇرنىغا پۈتۈنلەي قۇم كىرىپ كەتتى. ھارۋىكەشنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن بىزمۇ دەرھال سەكرەپ چۈشۈپ، ھېلىقى ئاتنى يۆلەپ يۈرۈپ ئاران ئورنىدىن تۇرغۇزدۇق.

شۇنىڭ بىلەن، ئارىمىزدىكى يۆيا كۆلىگە بېرىشقا ھەممىدىن بەكرەك قىزىققان بىرەيلەن نوچىلىق قىلىپ پىيادە مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 300 چى كېلىدىغان بىر قۇملۇق تۆپىلىككە يامىشىپ چىقىپ بىزگە قاراپ قول ئىشارىسى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن مىڭ تەسلىكتە ھېلىقى قۇملۇق تۆپىلىككە ياماشتۇق. بىر قەدەم ماڭساق، پۇتىمىز قۇمغا بىرلىك پېتىپ كېتەتتى. ئەڭ ئاخىرى ئامالسىز ئۆتۈكلىرىمىزنى سېلىۋېتىپ يالاڭ ئاياغ ماڭدۇق.

قۇملۇق تۆپىلىكنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىساق، كۆزىمىزگە چەكسىز كەتكەن قۇملۇق دۆڭدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. توساتتىن ئۇدۇلىمىزدىكى قۇملۇق دۆڭ بىلەن بىز تۇرغان تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تار جايدا ھىلال ئاي شەكىللىك كىچىك كۆلنى كۆردۇق. كۆلنىڭ سۈيى خۇددى ئەينەكتەك سۈزۈك بولۇپ، قۇياش نۇرىدا كۆلنىڭ بويىدىكى قۇملۇق يەرلەر خۇددى زۇمرەتتەك يالتىراپ تۇرىدىكەن. كۆلنىڭ كەينىدە بىر كىچىك بۇتخانا ھەم بوك ـ باراقسان دەرەخلىك بولۇپ، دەرەخلىكنىڭ ئارىسىدا كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. بۇ مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى كۆلگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىكەن.

كۆلدە يەنە نۇرغۇن ئاق تۇمشۇقلۇق قارا ئۆردەكلەر ئۈزۈشۈپ يۈرگەن بولۇپ، بەزىدە سۇ ئاستىغا شۇڭغۇسا، بەزىدە سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرىدىكەن. بەزى ئۆردەكلەر قارشى قىرغاققا ئۈزۈپ بېرىپ، قىرغاقتا بىر پەس ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە دەرھاللا سۇغا شۇڭغۇپ ئۈزۈپ كېلىدىكەن.

## لېيىنىمېن ئېغىزى

ھارۋىكەش بىزگە قۇملۇق دۆڭدىن چۇشۇشنىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويدى. بىز ئۇنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە قوللىرىمىزنى پۇلاڭلىتىپ تۆۋەنگە سىيرىلىۋىدۇق، دەرۋەقە ئىنتايىن تېز ھەم ئوڭۇشلۇق سىيرىلىپ چۇشتۇق، خۇددى ئۆزىمىز سىيرىلمەي، قۇملۇق بىزنى سىيرىلدۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدۇق. قۇملۇق دۆڭنىڭ ئۇستىدىن سىيرىلىپ چۇشۇۋاتقاندا، قۇمنىڭ تېگىدىن بىر خىل زىل ھەم جاراڭلىق ئاۋاز چىقىدىغان بولۇپ، خۇددى بىرەر چوڭ سازنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ قۇملۇق دۆڭنىڭ ئەڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك بىلىنىدىكەن. شۇڭا، بۇ يەرنىڭ يەنە «لېيىنىمېن» (گۇلدۇرماما ئېغىزى) دېگەن نامىمۇ بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭغا ئەگىشىپ تۆت ئەتراپتىكى تاغ جىلغىلىرىدىنمۇ گۇلدۇرمامىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەكس سادا ئۈزۈلمەي قايتىدىغان بولۇپ، پۇتكۇل قۇملۇق بۇ ئەكس سادادىن لەرزىگە كېلىپ، بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ قالىدىكەن.

## جەننەتنىڭ يان ئىشىكى

بۇ ئەتراپتا شامال ئىنتايىن كۈچلۈك بولسىمۇ، كىچىككىنە يۆيا كۆلى ھەم بۇتخانىنى قۇم كۆمۈۋېتەلمەپتۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىكەن. بوران چىققاندا، يۆيا كۆلىگە چۇشكەن قۇملارنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەچكە، ئۇ يەنىلا قۇملۇقتا خۇددى مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرىدىكەن. بىراق، كەلگۈسىدە قاتتىق قۇم ـ بوران سەۋەبىدىن بۇ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ يوقاپ كېتىش ـ كەتمەسلىكىگە ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدىكەن.

بۇتخانىلاردىكى راھىبلار ۋە كۆجە كۆيدۈرگىلى كەلگەن ئىخلاسمەن ئەر ـ ئاياللار ھەمىشە يۆيا كۆلىنى «جەننەتنىڭ يان ئىشىكى» دېيىشىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دەرەخلىكتىكى

www.uyghurkitap.com

هېلىقى كىچىك ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئىلگىرى يەنە بىر كۆل بولۇپ، ئۇنىڭ سۇيىمۇ يۆيا كۆلىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن سۈزۈك ئىكەن. كېيىن ئىككى ئايال كېلىپ بۇ سۈزۈك كۆل سۈيىنى غەربتىكى بېھىش ماكانغا بارىدىغان خرۇستال دەرۋازا دەپ ئىشەنگەچكە، ئۇ يەرگە بارماقچى بولۇپ، كىيىملىرىنى سېلىپ كۆلگە سەكرەپ، قايتا يېنىپ چىقماپتۇ. ئەمما، بۇ كۆلچەكمۇ شۇنىڭدىن كېيىن قايتا كۆرۈنمەپتۇ. قۇملۇق دۆڭ بولسا يەنىلا ئاۋۋالقىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

هازىر دەرەخلىكتىكى هېلىقى كىچىك ئۆيىنىڭ يېنىدا بىر قۇملۇق ئويمان جاي پەيدا بولغانىكەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دەل هېلىقى يوقىلىپ كەتكەن كۆلنىڭ ئىزى ئىكەن.

## *ۋۇتەيشەندىن كەلگەن لاما*

بىز يۆيا كۆلىنىڭ مەنزىرىسىدىن قانغۇچە هۇزۇرلىنىپ، ئەمدى قايتايلى دەپ تۇرغان چاغدا، توساتتىن قەدەملىرى تولىمۇ هارغىن بىر لاما يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان كۈن ئولتۇرغان بولۇپ، هېلىقى لامانىڭ قىزىل - سېرىق رەڭلىك كاساياسى پۇتۇنلەي توپا - چاڭ بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇتخانىغا ئۇدۇللاپ كېلىشىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە قونماقچى بولغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇنى چاقىرىپ يول بويىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

— لاما، ئۆزلىرى قايسى ئۆلكىدىن كەلدىلە؟

— شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇتەيشەندىن كەلدىم، — دېدى ئۇ، — يول هەقىقەتەنمۇ ئۇزۇن ئىكەن، سەپەرگە چىققىلى ئالتە ئاي بولدى.

— ئۆزلىرى نەگە بارىدىلا؟

— مۇشۇ تاغدىن ئۆتۈپ، — دېدى ئۇ قولى بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى تاغنى كۆرسىتىپ، — لاساغا بارماقچىمەن!

— ئۇ يەرگە نېمە قىلغىلى بارىلا؟
— بىر يىل بۇرۇنقى ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچىمەن.
قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا، بىز ھېلىقى لاما بىلەن خوشلاش-تۇق. يولغا چىققاندا، كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ قارىساق، يۆيا كۆلى قۇملۇقنىڭ ھېچ يېرىدە كۆرۈنمىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# تۆتىنچى باب

# ئەنشىدىن گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىغا بېرىش

## 1. يولغا چىقىشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق

دۇنخۇاڭدىن ئەنشىگە قايتقاندىن كېيىن، قېپقالغان ماللارنى سېتىپ تۈگىتىش ھەم يېڭىدىن مال ئېلىش ئىستىكى كۆپچىلىكنىڭ سەپەر قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربىي شىمالغا بارىدىغان پۇرسەتنىڭ قايتا كېلىشىمۇ ناھايىتى تەس ئىدى. شۇڭا، بىز تەبىئىيلا شىنجاڭغا بېرىشنى قارار قىلدۇق.

بىز پىلانىمىزدا ئەنشىدىن يولغا چىقىپ شىڭشىڭشىيا ئارقىلىق گەنسۇ - شىنجاڭ چېگرىسىنى بويلاپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ قۇمۇلغا بېرىپ، ئۇ يەردىن يەتتىقۇدۇق بىلەن تەڭرىتاغ ئېغىزى ئارقىلىق گۇچۇڭدىن ئۆتۈپ دىخۇا[1] غا بېرىپ، ئاندىن يەنە دىخۇادىن غەربىي شىمال يولى ئارقىلىق سۇيلەي (ماناس) گە بارماقچى ئىدۇق.

كېيىن نۇرغۇن خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر يولۇچىلاردىن قەدىمكى غەربىي شىمال سودا يولىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، ئۇلار ھەرخىل گەپلەرنى قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە

[1] دىخۇا — ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەم قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقى توغرۇ-
لۇق ھەر كىمنىڭ ئېيتقىنى ھەرخىل بولدى. ئاخىر بىز يەنىلا
پىلانىمىز بويىچە مېڭىش قارارىغا كەلدۇق!

يېنىمىزدا بىر خوتەنلىك ئايال قوشنىمىز بار ئىدى. خوتەن
قاشتېشى كۆپ چىقىدىغان جاي ئىكەن، بۇ خىل قاشتاشلار بېيى-
پىڭغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئويمىكارلار پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن
كېيىن، دۇنياغا داڭلىق بۇيۇمغا ئايلىنىدىكەن. بۇ ئايال قوشنى-
مىز ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، قارامتۇل ئۆڭى، مۇلايىم ھەم
يۇپيۇمىلاق كۆزلىرى خەنزۇ ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇ-
راتتى. ئۇ يەنە خەنزۇچىنى ئىنتايىن ياخشى سۆزلىيەلەيدىكەن.

بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە بىز ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا سەپەر
قىلىش توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدۇق.

— مەن خوتەندىن بۇ يەرگە تۆت ئايدا ئاران كەلگەن، يول
بويىدىكى ئۆتەڭلەرنىڭ ئارىلىقىمۇ ئىنتايىن ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە كۆپ ھاللاردا سۇ تاپماقمۇ تەس ئىكەن، — دېدى ئۇ
چىرايلىق كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، — بۇ يەردە سىلەرمۇ
ماڭا ئوخشاشلا ياقا يۇرتلۇق، مەن ئۆيۈمدىكىلەردىن ئايرىلىپ
يالغۇزلۇقنىڭ تەمىنى ھەقىقەتەن تېتىدىم!

يەنە بىر قوشنىمىز خەنكۇدىن قەشقەرگىچە بولغان ئارىلىق-
تىكى ماڭغىلى بولىدىغان ھەممە يوللار بىلەن پىششىق تونۇش
ئىكەن، ئۇ ئىلگىرى ئىلىدىن جۇڭگو - رۇسىيە چېگرىسىغا،
يەنە سىبىرىيە تۆمۈريولى ئارقىلىق بېيپىڭغىمۇ بارغانىكەن،
ھېچقانداق يول ئۇنىڭ ئۈچۈن تەس بىلىنمەيدىكەن، ئۇ قىزغىن-
لىق بىلەن بىزگە قەشقەرنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەپ بې-
رىپ، ئۇ يەردە ھەشەمەتلىك كونسۇلخانا، ئەجنەبىيلەرنىڭ داچى-
لىرى، كەڭرى يوللار، ئىنتايىن ياخشى مېھمانخانا ھەم ئاشخانى-
لار بار دېدى. ئۇ قەشقەرگە بېرىپ باققان بولغاچقا، خۇددى
بىزنىڭمۇ بېرىپ كۆرۈپ بېقىشىمىزنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندەك تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇ يەرنىڭ يولى بەك ئۇزۇن، — دېدى ئۇ يەنە، — قومۇلغا بېرىۋالسىلا، يول خېلى قىسقىرايدۇ، مەن دائىم بىر كۈندە 170 ئاتلىق چاقىرىم يول ماڭاتتىم.

ئۇ بىر تونۇشىنىڭ ئوغلى ئىلگىرى ئۇ يەرگە قومۇلۇقتا ئۆسىدىغان بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى سېتىۋالغىلى بارغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزنى بىللە سەپەر قىلىشنى دەۋەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئۇ قېتىمقى سەپىرىم ھەقىقەتەنمۇ قولايلىق بولغان ھەم ئەرزانغا توختىغان. مەن بىر تۆگە كارۋىنىغا يېتىشىۋېلىپ، شۇلارغا ئەگىشىپ ئالدىرىماي ماڭدىم، ئۇلارنىڭ ئۇلىغىنى مىنىپ، چېدىرىدا تۈنىدىم، يەنە تېخى ئۇلار مېنى ئۇچ ئاي باقتى، مەن پەقەت 20 ~ 30 يۈەنلا خەجلىدىم.

ئەمما، بىز بىرلا ئادەم بولمىغاچقا، بۇ بىز ئۈچۈن ئاقمايدىغان چارە ئىدى. يەنە بىر ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان بوۋاي بىزگە مۇنداق دېدى:

— سىلەر ياخشىسى ئېشەككە مىنىپ مېڭىڭلار، چۈنكى ئېشەك ئاز يەيدۇ، ئىتتىك ماڭىدۇ، بىرنەچچىسى ئۆلۈپ قالسىمۇ كارايىتى چاغلىق.

بۇنداق ئاقىلانە چارىنى بىزمۇ تېخى ئويلاپ باقمىغانىدۇق. بىزنىڭ بەزى سودىگەر، ئەمەلدار دوستلىرىمىز ھەم ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئىلگىرى كۆپ قېتىم بۇ يوللاردا مېڭىپ باققانىدى. ئەمما، بىز ئۇلاردىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، ئۇلارنىڭ جاۋابى ئوخشاشلا بولدى:

— بىز كۈن ئولتۇرۇش بىلەنلا مەپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتسەك، ئەتىسى تاڭ يورۇپ دەڭگە كەلگەندىلا، ئاندىن مەپىدىن چۈشەتتۇق، شۇڭا يول ئەھۋالى توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيدىكەنمىز.

دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى راست ئىدى، چۈنكى ئۇلار مەپىگە چىقىپلا ئەپيۇن غاڭزىسىنىڭ يېنىغا قىڭغايتتى.

شۇنداق قىلىپ ھەر كىم ھەر نىمە دەپ ھېچكىمنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمىدى. ئەمما، ئىككى نۇقتىنى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ماقۇل كۆرۈشتى، يەنى ياز ۋاقتىدا كۈندۈزگە قارىغاندا كېچىسى مېڭىش، ئاتقا قارىغاندا قېچىر بىلەن مېڭىش ياخشىراق ئىكەن. چۈنكى، ئات قۇملۇقتىكى قىرتاق سۇنى ئىچىپلا قالسا، كۆپ ھاللاردا قاتتىق ئاغرىپ قالاتتى.

ئەڭ ئاخىرى بىز يەنىلا يەرلىك كىشىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىدۇق، چۈنكى ئۇلار دائىم بۇ بىپايان دالىدا ئۇيان - بۇيان بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىكەن، تەجرىبىسىمۇ ئىنتايىن مول ئىكەن. شۇڭا، بىز ساراي خوجايىنىغا بىزگە ۋاكالىتەن ياخشىراق ئۇلاغ ياللاپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدۇق. بىز بۇ قېتىمقى سەپىردىمىزدە ئۇزۇن يوللۇق ماشىنىنىڭ راھىتىدىن ھۇزۇرلىنالمايتتۇق، شۇنداقلا يول بويى ئالدىرىمايراق مېڭىپ، غەربىي شىمالنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى خالىغانچە كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتۇق، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئۇلاغ ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى.

ھارۋىكەشلەرنىڭ ئىچىدە كاززاپلىرى كۆپ ئىدى. ئۇلار دائىم يولۇچىلارنى ئالداپ، ئۇلىغى قانچە ناچار بولسا، شۇنچە چىرايلىق بېزەپ كۆرسىتەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دەملىككىلا ئىدى. ئەمما، بىز ھازىر ئالىلقاچان بۇنداق ئالدام خالتىغا چۈشمەيدىغان بولغانىدۇق. بىز ھەممىدىن چىرايلىق بېزەپ قويۇلغان قېچىرلارغا بەكرەك سەپسالدۇق، ھارۋىكەشلەرمۇ بىزگە ئىتتىك قاراپ قويدى. بۇ قېچىرلار يولغا چىققاندا چوقۇملا يىقىلىپ چۈشەتتى، بۇ بىر قەستەنگە قىلىنغان چاقچاق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھارۋىكەشلەر قوتۇر قېچىرلىرىنى تارتىشىپ، تىلىنى چايناپ: «مۇشۇنداق چىرايلىق قېچىرلارنىمۇ ياراتمىساڭلار، گەنسۇدا بۇنىڭدىن ياخشى قېچىرنى تاپالمايسىلەر، شەنشىنىڭ ئېسىل نەسىللىك قېچىرلىرى تېخى تۇغۇلغىنى يوق!» دېيىشكە-

www.uyghurkitap.com

ىنچە كېتىپ قالدى.

ئەڭ ئاخىرى بىز تاللاپ يۈرۈپ ياخشى قېچىردىن يەتتىنى
تاپتۇق، قۇملۇقتىكى ناچار يوللاردا قىينالمايراق مېڭىش ئۈ-
چۈن، هارۋىنىڭ مەپىسىگە بورا ياپتۇق، ئىچىگە كىگىز سالدۇق،
هارۋا چاقلىرىنى يوغان تۆمۈر مىخ بىلەن مىخلىدۇق.

ھەممەيلەن ئىچىگە مامۇق سېلىنغان پاختا چەملىك يۇمشاق
خەي ئېلىۋالدى. بۇنى يەرلىك ئاياللار قولدا تىككەن بولۇپ،
ئىنتايىن سىپتا ئىدى. ئەنشىدىن شىنجاڭ چېگرىسىغا بارغۇچە،
بىز يەنە 20 بېكەتتەك سۇيى تۇزلۇق يولدا ماڭىدىغان بولغاچقا،
بىرنەچچە چوڭ قاپاق سېتىۋېلىپ، ئىچىگە لىق تاتلىق سۇ تول-
دۇردۇق. بىر ئۇيغۇر دوستىمىز بىزگە يەنە قوغۇشۇن چۆگۈن
بەردى. بىز گەرچە تاۋۇز ئالالمىغان بولساقمۇ، قوغۇندىن خېلى
كۆپ ئالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خېلى نۇرغۇن نان- توقاچ
ئېلىۋالدۇق. ئەنشىنىڭ بۇنداق نان ـ توقاچلىرىنى غەربىي شى-
مالدىكى يولۇچىلارنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق ئىكەن. بۇنىڭدىن
سىرت، بىز يەنە ئۆرۈك قېقى، تۇرۇپ، يېڭى سۇڭپىياز، چىڭ-
سەي، ھۆل ئۈزۈم، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارنىمۇ ئالدۇق. بۇ
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇرپانلىق سودىگەرلەر ئەكەلگەن بو-
لۇپ، ئۇلار تاڭ يورۇشى بىلەنلا يول بويىغا يايمىلىرىنى يېيىپ،
ماللىرىنى دۆۋىلىۋېتىدىكەن.

كېيىن ساراي خوجايىنى بىزنى زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ
قويدى. داستىخان تولىمۇ مول بولۇپ، توخۇ گۆشى، بېلىق،
قارلىغاچ چاڭگىسى شورپىسى، گاڭپەن، بېلىق قانىتى، خەي-
دەي، ئۆرۈك مېغىزى شەربىتى، شورپا، يەنە تېخى جيۇچۇەنىڭ
مودەنگۈل بەرگىنى سېلىپ توڭگۇز مېيىدا پىشۇرغان قاتلىمىسى-
مۇ بار ئىكەن. غەربىي شىمالنىڭ قۇملۇقلىرىدا بۇنداق ئېسىل
تائاملاردىن ھوزۇرلىنالىغانلىقىمىزدىن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىمىزنى
تەلەيلىك ھېس قىلدۇق.

ھەممىنى تەخ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز كۆزلىگەن مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. يولغا چىقىدىغان كۈنى ئەتىگەن سائەت تۆتتىلا ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بەزى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بىزگە ئالدىمىزدىكى يولنىڭ بىز كەلگەن يولدىنمۇ بەكرەك قىيىن ھەم خەتەرلىكلىكىنى، يولدا چوقۇم قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى قايتا ـ قايتا تاپىلىدى. بىز ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، زور ئىراده ھەم جاسارەت بىلەن يولغا چىقتۇق.

## 2. قارا دەشت

بىز ئەنشىدە تۇرغان كۈنلەردە، ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن دېگۈدەك شەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقىدىن چىقىپ ئايلىناتتۇق. ئۇ يەردە بىر دەريا، دەريانىڭ ئۈستىدە بىر كىچىك كۆۋرۈك بار ئىدى. بىز دائىم كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، بىپايان كەتكەن قارا شېغىل تاشلىق چۆللۈككە نەزەر سالاتتۇق. بىزنىڭ ئىككىنچى بېكىتىمىز دەل مۇشۇ پايانسىز چۆللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولۇپ، چوقۇم مۇشۇ قاقاسلىقتىن ماڭاتتۇق.

بۇ يەر بىر قارا دەشت، يەنى بىر قاقاس تۈزلەڭلىك بولۇپ، بوران قۇملارنى ئۇچۇرۇپ باشقا جايلارغا ئەكەتكەنىدى.

بىز شىمالىي قوۋۇقتىن چىققاندىن كېيىن، چوقۇم بىر خەتەرلىك ھەم تىك يولدا ماڭىدىغانلىقىمىزنى بىلدۇق، گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بۇ ئەڭ ئاخىرقى چوڭ شەھەرمۇ شۇنىڭ بىلەن كەينىمىزدە قالاتتى. يولدا سېپىللىرى بار چوڭ شەھەرلەر قايتا ئۇچرىمايتتى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قۇمۇل شەھىرىگە بارغاندىلا، ئاندىن چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى كۆرگىلى بولاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەنشىنىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە قۇم يۇتۇپ كېتىۋاتقاچقا، سېپىلنىڭ ئەتراپىدىكى كۆچمەن قۇملار بارا ـ بارا كۆپىيىپ، كەلگۈسىدە بۇ شەھەر يەر يۈزىدىن غايىب بولىدىغان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەكلا تۇراتتى.

بىز ئەنشەدىن چىققاندىن كېيىن، قارا شېغىل تاشلىق يەردە مېڭىۋېرىپ تولىمۇ كەيپىمىز ئۇچتى، هارۋىنىڭ چاقلىرىمۇ يېقىمسىز غىچىرلاپ تەستە ئىلگىرىلەيتتى.

شىمالىي قوۋۇقتىن چىقىپ ئون چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، بىر بۇتخانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، توساتتىن بۇتخانىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ چىڭ يېپىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. هارۋىكەش بېرىپ ئىتتىرىپ باققان بولسىمۇ، دەرۋازىنىڭ كەينىگە يوغان تاش تىرەپ قويۇلغاچقا ئاچالمىدى، دەرۋازىنى چەككەن بولسىمۇ هېچكىم چىقمىدى. ئاخىر بىز بار كۈچىمىز بىلەن ئىتتىرىپ دەرۋازىنى ئاچتۇق، قارىساق ئىچى بىر كەڭ سەينا ئىكەن. ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇق بولۇپ، قۇدۇقنىڭ يېنىدا بىر چېلەك ھەم ئارغامچا تۇرۇپتۇ، ئەمما شۇنچە ئىزدىگەن بولساقمۇ هېچكىم كۆرۈنمىدى. ئەڭ ئاخىرى بىر كىچىك ئۆيدىن بۇتخانىغا قارايدىغان بىر شەيخنى تاپتۇق، ئۇ سۇپىنىڭ ئۈستىدە ئوتتەك قىزىپ ياتقاچقا، مىدىرلىغۇدەك هالىمۇ يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەنها بولغاچقا، سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىز قۇدۇقتىن بىر چېلەك سۇ تارتىپ كېلىپ، يەنە ئازراق تالقان ئېلىپ، ئۇنىڭ قولى يېتىدىغانراق يەرگە قويۇپ قويۇپ، بۇتخانىدىن قايتىپ چىقتۇق.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىر پوچتىكەش ئۆتۈپ قالدى، بىز دەرهال ئەنشىدىكى پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا بۇتخانىدىكى كېسەل شەيخنىڭ ئەھۋالىنى، ئامال قىلىپ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى ئېيتىپ خەت يېزىۋەتتۇق.

## 3. سىياۋزى

كېچىچە توختىماي ماڭدۇق. تاڭ سۈزۈلگەن ۋاقىتتا، بىر

يول بەلگىسىنى كۆردۇق. يىراقتا بىر ـ ئىككى گىياھسىز قۇمـ
لۇق دۆڭ چوقچىيىپ تۇراتتى. بۇ يەر «سىياۋزى» ①
دېيىلىدىكەن، چۈنكى ئالدى تەرەپتىكى تاغ باغرىدا تۆت تاش
ئۆڭكۈر بولغاچقا، مۇشۇنداق ئاتالغانىكەن. يولۇچىلار بوران ـ
چاپقۇن ياكى قار ـ شىۋىرغانغا ئۇچراپ قالسا، دائىم مۇشۇ
ئۆڭكۈرلەرگە كىرىپ پاناھلىنىدىكەن.

ئەنشىدىن بۇ يەرگە كەلگۈچە، ئانچە كۆپ ماڭمىغان بولساقـ
مۇ، ئەمما يول ناچار بولغانلىقتىن ئات ـ ئۇلاغلار ھېرىپ كەتـ
كەچكە، بىردەم ئارام ئالدۇق. لېكىن، چۆللۈكتە ئۇلاغلار ئادەتـ
تە كۆپ توختىمايتتى، چۈنكى يوللاردا ھەممىلا يەردە ئاپئاق
ئاقىرىپ كەتكەن ئات ياكى تۆگىلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى ئۇچراپ
تۇراتتى، ئۇلار كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ياكى ھېرىپ كەتكەنلىـ
كى سەۋەبىدىن توپقا يېتىشەلمىگەچكە، ئىگىلىرى تاشلاپ كېـ
تىپ، ئاقىۋەت ئۆلۈپ يول بويىدا قېپقالغانىدى.

## 4 . چاچقاپ ھالىدىن كەتكەن يولۇچى

ئەتىسى تاڭ يورۇغاندىن كېيىن، ئوتتەك قىزىق ئاپتاپتا،
ئالدىمىزدىكى يول تېخىمۇ مۇشەققەتلىكتەك، بۇ چۆللۈكمۇ بارـ
غانسېرى ئۆزىراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ھالسىرىغان
ئۇلاغلارمۇ 20 قەدەمچە مېڭىپلا توختىۋالاتتى، ھارۋىكەشلەر تازا
قامچىلىغاندىن كېيىن ئاران ماڭاتتى. بۇ يەرنىڭ يوللىرى ئىنتاـ
يىن چۆل ئىكەن، ئىلگىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ يەر ئارقىلىق
شىنجاڭغا بېرىپ كېلىشنى مەنئى قىلغانلىقتىن، تۆگە كارۋانلىـ
رى ھەم سودىگەر، يولۇچىلار ئامالسىز ماڭالمىغانىكەن. ئېيتـ
تىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ھازىرقىدىنمۇ

① سىياۋزى ( 四窑子 ) — «تۆت غار» دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.

بەتتەر ئىكەن.

كېتىۋېتىپ يولدا بىر يولۇچىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق، ئۇ تولىمۇ بىچارىلىك بىلەن بىزدىن سۇ تىلىدى. بىز ئۇنىڭغا ئازراق سۇ بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزگە كۆپتىن كۆپ تەشەككۈر ئېيتىپ يەنە يولىغا راۋان بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، يەنە بىر ئۇسساپ هالسىراپ كەتكەنلىكتىن يولدا يېتىپ قالغان يولۇچىنى ئۇچراتتۇق. ئۇ ئوتتەك قىزىق ئاپتاپتىن دالدىلىنىش ئۈچۈن، كىچىك تاياق بىلەن بىر قوي تېرىسىنى بېشىغا سايىۋەن قىلىپ تىكلىۋالغانىكەن، بۇ هەم ئۆتكۈنچىلەرنىڭ بىر بەلگىسى ئىكەن. دەسلەپتە بىز ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلمىدۇق. هەمراهلىرىمىزدىن بىرى بېرىپ ئۇنى يۆلىۋىدى، شۇندىلا كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ، زەئىپ ئاۋازدا:

— ماڭا بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭلار، مەن مەڭگۈ سىلەرنىڭ قۇلۇڭلار بولۇپ كېتەي! — دېدى.

بىز دەرهال بىر كورۇشكا سۇ قۇيۇپ ئۇنىڭغا بەردۇق. ئۇ بىر سومۇرۇپلا هەممىنى ئىچىۋەتتى، چىرايى سەل ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، بىزگە يەنە:

— يەنە ئازراق سۇ بەرسەڭلار، سىلەرنىڭ قۇلۇڭلار بولۇپ كېتەي! — دەپ تۇرۇۋالدى.

بۇ چاغدا، هارۋىكەشلەربېشى بىزنى بىر چەتكە تارتىپ:

— بۇ ئادەمدىن ئۈمىد يوق، ئۇ ئەمدى ماڭالمايدۇ، — بىز ئۇنىڭغا يەنە سۇ بېرىپ يۈرمەيلى هەم ۋاقتىنىمۇ ئىسراپ قىلمايلى، ئۆزىمىزنى بىلىپ ئىتتىكرەك ماڭايلى! بولمىسا ئۆزىمىزنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز، — دېدى.

ئەمما، بىز ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ قۇتقۇزمىساق بولمايتتى. هارۋىكەشلەربېشى بولسا يەنە بىزنى ئاگاهلاندۇرۇپ، ئەگەر بۇ ئادەمنى بىللە ئېلىپ ماڭساق، ناۋادا يولدا ئۆلۈپ قالسا، ئۇ هالدا ئۆزىمىزگە بىكاردىن - بىكار ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىمىز دېدى.

— ئۇنى تاشلاپ كەتسەك بولمايدۇ! — بىز شۇنداق دېگىنى-
مىزچە ھارۋىكەشلەربىشىنى بىر يانغا ئىتتىرىۋېتىپ، دەرھال
ئۇنىڭغا يەنە بىر كورۇشكا سۇ بەردۇق. قارىساق ئۇنىڭ ھەقىقە-
تەن ئورنىدىن تۇرغۇچىلىك ماجالىمۇ قالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن
ئۇنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ياتقۇزۇپ، ئۆزىمىز پىيادە ماڭدۇق.
چۈشتىن كېيىن قېچىرلار توساتتىن ئالدى تەرەپتىكى بىر
يېشىللىقنى كۆرۈپ، خۇددى ئۇ يەردە سۇ بارلىقىنى بىلگەندەك
بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاتتىق كىشنەپ، بار كۈچى بىلەن چېپىپ
كەتتى، بىردەمدىن كېيىن بىر دەڭنىڭ يېنىدىكى چۆپلۈككە
كېلىپ توختىدۇق.
دەڭچى ھېلىقى ئاغرىق كىشىنى يۆلەپ ئىچكىرىگە ئەكى-
رىپ، ئۇنىڭغا بىر ھۇجرا راسلاپ بەردى ھەم بىرەيلەننى ھالىدىن
خەۋەر ئېلىشقا قويدى. بىزمۇ بۇ يەردە بىر ئاخشام تۈنىدۇق.

## 5. بەيتازى

بۇ يەرنىڭ ئىسمى «بەيتازى» ئىكەن، ئۇ چۆللۈكتىكى بىر
مۇنبەت تۇپراق بولۇپ، ئەتراپتىكى قۇم - شېغىللىق يەرلەرنىڭ
ئارىسىدا ياپيېشىل كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ تەرەپتە سۈيى سۇ-
زۇك كىچىك بىر ئېقىن بولۇپ، تىك قىيادىن ئېتىلىپ چۈشۈپ
بىر كىچىك دەرياغا قوشۇلۇپ، ئەتراپتىكى بوغداي ئېتىزلىرىنى
سۇغىرىدىكەن. ئەمما، سۇنىڭ تەركىبى بەك تۇزلۇق بولغاچقا،
كۆكتات ئۆستۈرگىلى بولمايدىكەن.
بىز يول بويى سۇزۇك سۇ كۆرۈپلا قالساق، كۆپ ھاللاردا
نېرى - بېرىنى سۈرۈشتۈرمەيلا بېرىپ ئىچىپ سالاتتۇق، شۇنىڭ
بىلەن تېخىمۇ ئۇسساپ كېتەتتۇق. بۇ يوللاردا كۆپ ماڭغان
يولۇچىلارنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار ئىكەن: «تۇزلۇقراق سۇنى
قانچە ئاز ئىچسە شۇنچە ياخشى، قانچە كۆپ ئىچكەنسېرى ئېغىزنى

www.uyghurkitap.com

شۇنچە قۇرۇتۇۋېتىدۇ» . شۇڭا، بىزمۇ هازىر بۇ ساۋاقنى تونۇپ
يەتكەن هەم ئىچىۋاتقان خۇش پۇراق چاينىڭ قانداق تەييارلىنىدى-
غانلىقىنىمۇ بىلىۋالغانىدۇق. غەربىي شىمالغا كەلگەنلا ئادەم مۇ-
شۇنداق دەرەخ قوۋزىقىنىڭ تەمى بار قىرتاق ئۇسسۇزلۇقنى ئىچى-
دىكەن، ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن ئادەمنىڭ كالپۇكلىرى يېرىلىپ
قارىداپ كېتىدىكەن. كېيىن بىز قۇملۇقتا سۇ ئىچىشنىڭ بىر
يېڭى ئامالىنى تاپتۇق، يەنى نان ـ توقاچلارنى قىرتاق سۇغا
چىلىغاندىن كېيىن، نان ـ توقاچلار سۇدىكى تۇز تەمىنى پۈتۈن-
لەي سۈمۈرۈۋالىدىغان بولغاچقا، ئىچكىلى بولىدىغان تاتلىق سۇ
قالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە غەربىي شىمالدىكى سودىگەرلەر
ۋە يولۇچىلاردىن بىر چارىنى ئۆگىنىۋالدۇق، يەنى يېنىمىزدا
دائىم بىرنەچچە خىل دورا ئېلىپ يۈرىدىغان بولدۇق، چۈنكى
بەزى ئۇلاغلار بۇنداق سۇغا كۆنەلمەي، دائىم ئاغرىپ قالاتتى،
ياندا دورا ئېلىپ يۈرسە هەر ۋاقىت، هەرقانداق جايدا ئۇلارنى
ساقايتىۋالغىلى بولاتتى. قۇملۇقتا ئۇزۇن مەزگىل سەپەر قىلغان
تەجرىبىلىك كىشىلەر ۋە ئۇلاغلارلا بۇنداق سۇنى ئىچىشتىن
قورقمايدىكەن، ئۇلار ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن
هېچقانچە ئىش بىلىنمەيدىكەن.

بەيتازى ئەتراپىدا بىرنەچچە ئائىلىلىكلا بار ئىكەن، ئەمما
بۇ يەرنىڭ چۆل مەنزىرىسىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى
بولمايتتى، پەقەت يولۇچىلار ئۆتۈپ قالغاندىلا، ئاندىن ئۇلار
تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىكەن. لې-
كىن، بىر يىلنىڭ ناهايىتى ئاز ۋاقىتلىرىدىلا تۆگە كارۋانلىرى
هەم يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالىدىكەن، كۆپ ۋاقىتلاردا،
بولۇپمۇ قىش مەزگىلىدە يولدا هېچقانداق ئادەمزاتنىڭ قارىسىنى
ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن.

بەيتازىدىن ماڭىدىغان ۋاقىتتا، بىز قۇتقۇزۇۋالغان هېلىقى
ئادەم ئاللىقاچان ياخشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىزگە كۆپ تەشەك-

كۆر ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن بولۇپ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنجۇڭدىن ئىكەن، بۇرۇن ياخشى تەربىيە كۆرگەنىكەن، بۇ قېتىم قوۋۇق سىرتىغا (جيايۇگۇەننىڭ سىرتى ئادەتتە قوۋۇق سىرتى دېيىلەتتى) بەرەر ياخشى ئورۇن ـ ئەمەل ئىزدەپ كەلگەنىكەن. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن يولدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگىلى تاس قاپتۇ.

باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىزگە ئۇچراپ قېلىشىنى خۇدانىڭ قۇتقۇزغىنى دېيىشتى. چۈنكى، بۇنداق ۋاقىتلاردا يولدا يولۇچىلار ئىنتايىن ئازلاپ كېتىدىكەن، تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بىرنەچچە يولۇچى ئۇسسۇزلۇقتىن يولدا ئۆلۈپ قالغانىكەن.

## 6. خۇڭلىيۇەن ۋە داچۇەن

كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا بىز خۇڭلىيۇەن① گە قاراپ يولغا چىقىپ، تاڭ يورۇماستىنلا ئۇ يەرگە يېتىپ باردۇق. خۇڭلىيۇەن دېگەن بۇ ئىسىم ئادەمنى تولىمۇ مەپتۇن قىلسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ يەرگە خاتا قويۇلۇپ قالغان ئىسىم ئىكەن. بۇ جاي پۈتۈنلەيلا قۇملۇق بولۇپ، يەر ئۈستىنى بىر قەۋەت قېلىن قۇم قاپلىغان، ھەم يۇمشاق، ھەم بوش ئىكەن. كېچىسى قارىسا ئادەمگە خۇددى بىر كەڭ قارلىق دالىدەك كۆرۈنىدىكەن.

خۇڭلىيۇەندە بىرلا ئائىلىلىك بولۇپ، بىر پوچتىكەش خوتۇنى ھەم ئىككى بالىسى بىلەن ياشايدىكەن. بىزنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان يېرىمىز بىر گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان، ئىنتايىن چۆل تاغ ئارىسى ئىدى. تاغلار قېنىق سۆسۈن رەڭدە بولۇپ، تاغ چوققىسىدىن دومىلاپ چۈشكەن تاشلار قىيالىقلاردا چوقچىيىپ تۇراتتى. بىز يەنە كۆك رەڭلىك گرانىت تاشلارنى كۆردۇق، بەزى

---

① خۇڭلىيۇەن (红柳园) — «يۇلغۇنلۇق» دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.

يەرلەردە يەنە ئاق رەڭلىك ئۇششاق تاشلار بولۇپ، خۇددى قاردەك كۆرۈنەتتى.

ئالدىمىزدىكى بېكەت داچۈەن (大泉) بولۇپ، بۇ يەردىن مالىيەنجىڭزىغا① بارغىلى بولاتتى. يولدا بىر توپ كىشىلەر بىزگە ئەگىشىپلا ماڭدى، ئۇلار سىچۈەندىن كەلگەن سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە بىر ئەمەلدارمۇ بولۇپ، ئۇ ئالدىراپ كۇچاغا مېڭىپتۇ، چۈنكى كۇچانىڭ ھاكىمى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغىلى بارماقچىكەن. مالىيەنجىڭزىدا تېلېگراف ئىدارىسى بولۇپ، يول بويى توك سىمى تارتىلغانىكەن، بەزى جايلاردا توك سىملىرى يەرگە ساڭگىلاپ قاپتۇ، ئېھتىمال بوراندا ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. يولدىن ئادىشىپ قالغان يولۇچىلار مۇشۇنداق توك سىملىرىنى كۆرسىلا، خۇددى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن نىجاتلىققا ئېرىشكەندەك بولۇپ كېتىدىكەن.

## 7. چېگرىغا نەزەر

مالىيەنجىڭزىغا بارسىلا، بۇ يەر بىلەن گەنسۇ ـ شىنجاڭ چېگرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان شىڭشىڭشيانىڭ ئارىلىقى 100 چاقىرىممۇ كەلمەيتتى. شىڭشىڭشيا ئىككى ئۆلكىنىڭ پاسىلى بولۇپلا قالماي، يەنە غەربىي شىمالدىكى بىر مۇھىم ھەربىي قورغاندى. مەن ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ، كېچىچە ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىۋېلىشقا ئالدىرىدىم. دەرۋەقە، چۈش ۋاقتى بىلەنلا بىز بۇ ئىككى ئۆلكىنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ قاقاس جايدا بىر چوڭ بۇتخانا، بۇتخانىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئېگىز بايراق خادىسى بار ئىكەن. ئالدىدا بىر بۇت بولۇپ، پۇتۇنلەي مايلىشىپ

① مالىيەنجىڭزى (马连井子) — «پىچانقۇدۇق» دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.

كېتىپتۇ. چۈنكى، ھارۋىكەشلەر بۇ يەردىن ئۆتكەندە، بۇ بۇتقا ئاتاپ ياغ پۇرىتىپ، سەپىرىگە ئاقيول تىلەيدىكەن.

بىز تېز مېڭىپ، كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا، بىر خەتەرلىك ئېغىزنى كۆردۇق، ئۈستىگە يوغان قىلىپ «شىڭشىڭشىيا» دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ. ئېغىزدا بىر قاراۋۇلخانا بولۇپ، كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان چېرىك تەكشۈرمەكچى بولۇپ ساقلاپ تۇرۇۋاتقانىكەن. تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئېغىزدىن ئۆتتۇق. ئاندىن بىر كىچىك كەنتكە كېلىپ، شۇ يەردە ئارام ئالدۇق.

گەنسۇ ئۆلكىسىنى كېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق مۇساپىلىك سەپەرىمىز شۇنداق قىلىپ مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى، ئالدىمىزدىكىسى ئەمدى شىنجاڭ تەۋەسى ئىدى. شىنجاڭمۇ تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوخشاشلا، بۇرۇندىن تارتىپ «سىرلىق جاي» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر سېھرىي تۈسكە ئىنتايىن باي زېمىن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# شىنجاڭغا سەپەر

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## شىڭشىڭشىيادىن قۇمۇلغىچە

### 1. تەبىئىي ئىستراتېگىيىلىك جاي — شىڭشىڭشىيا

شىڭشىڭشىيا گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ چېگرىسىدىكى بىردىنبىر قورغان بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىككى ئۆلكىنىڭ قاتناش ئۆتكىلى ئىدى. ئىلگىرى شىنجاڭغا بارىدىغان قەدىمكى غەربىي شىمال يولىدا، دائىم گەنسۇ، شىنجاڭ ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر، يولۇچىلار، شۇنداقلا توپ ـ توپ سودا كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. كېيىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى نىزام بېكىتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىشىنى ھەم گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ شىنجاڭغا بېرىشىنى چەكلىگەن، شۇنىڭ بىلەن يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ، بۇ يوللار چۆلدەرەپ، پۇقرالار ئىنتايىن رىيازەت تارتقانىدى. ئەمما، ھازىر بۇنداق قامال ئاللىقاچان يوقالغانىدى.

شىڭشىڭشىيا قورۇلىنى ساقلاۋاتقان چېرىكلەر تەخمىنەن□□ ①

① بۇ پەردە ئەسكەرلەرنىڭ سانىغا ئالاقىدار خەتلەر بولغاچقا، مەزكۇر مەزمۇن بېسىلغان ژۇرنالنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۆچۈرۈۋېتىلگەن.

ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنى ئىككى چېرىكبېشى باشقۇرىدىكەن،
ئۇلار بارگاھتا ئاياللىرى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن، خانىملارنىڭ
بىرىنىڭ جۇغى تولىمۇ كىچىك بولۇپ، كىشىلەرنى كۆرسە ئاساند-
لىقچە گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدىكەن؛ يەنە بىرى ئىنتايىن زېرەك
مۇسۇلمان ئايال بولۇپ، تولىمۇ كېلىشكەنىكەن.

شىڭشىڭشيانىڭ يەر شەكلى تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەن. ئىك-
كى تەرىپى پۈتۈنلەي تىك يارلىق تار جىلغا بولۇپ، چوقچايغان
قاپقارا تاشلار ئوخشاشلا قارا رەڭدە ھەم ناھايىتى قورقۇنچلۇق
كۆرۈنىدىكەن. ئارىسىدا يەنە ئۇزۇن ئاق گرانىت تاشلار بولۇپ،
خۇددى قاراڭغۇ ئاسماندا چاقماق چېقىپ ئۆتكەنگە ئوخشايدىكەن.
يارنىڭ ئاستى شىددەتلىك ئېقىننىڭ يـالىشـى بـىلـەن غەلىتـە
ئويمان ـ دۆڭ ھالەتكە كېلىپ قالغان، يېنىدا «شىڭشىڭشا ئېقى-
نى» دېگەن خەت يېزىلغان بىر قەدىمىي ئابىدە بار ئىكەن،
شىڭشىڭشيا[①] دېگەن ناممۇ مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن.
يارنىڭ قاپتىلىدا يەنە بىر مۇسۇلمان ئەۋلىيانىڭ قەبرىسى بولۇپ[②] ،
يارغا ئويۇپ ياسالغان، تاش ئىشىكى ھەم ئېتىلگەن، ئۈستىدىكى
يىل دەۋرى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەن[③] .

قورۇلنىڭ يېنىدا بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، ئىبادەتخانىدىكى
شەيخ بىزگە بىر ئېسىل كۋارتس پارچىسىنى كۆرسىتىپ، خۇددى
گۆھەرگە ئوخشاش تۇختىماي ماختاپ كەتتى. ئېيتىشىچە، ئۇ
بۇنى يېقىن ئەتراپتىكى تاغ چوققىسىدىن تېپىۋالغانىكەن. يەرلىك-
لەر شىڭشىڭشيانى يەنە «ئارا يۇلتۇز» دەپمۇ ئاتايدىكەن، چۈنكى
يېقىن ئەتراپتا يۇلتۇز تېغى دېيىلىدىغان بىر تاغ بولۇپ، تاغنىڭ
ئۈستىدە دائىم مۇشۇنداق كۋارتس پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بول-

① شىڭشىڭشيا ( 星星峡 ) — «يۇلتۇز جىلغىسى» دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.
② بۇ قەبرە دەل گەز مازىرىدۇر. بۇ مازار 1945 ـ يىلى قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىغا
يۆتكىۋېتىلگەن.
③ ئەسلىي تېكىست مۇشۇنداق، «خەن سۇلالىسى» ئەسلىدە «تاڭ سۇلالىسى» بولۇشى
كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

دىكەن. يەرلىك كىشىلەر بۇنى «يۇلتۇز تاش» دەپ ئاتايدىكەن، يۇلتۇز تېغى دېگەن ناممۇ مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن. بۇ خىل كۋارتس پارچىلىرى ئاي يورۇقىدا پارقىراپ نۇر چاچىدىغان بولۇپ، خۇددى چاقناپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارغا ئوخشايدىكەن.

كەچتە تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كېچىچە توختىمىدى. بىز تۇرۇۋاتقان ئەسكى ئۆيدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئىنتايىن مەينەت بولۇپ كەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى شىڭشىڭشياغا كەلگەن يولۇچىلار دائىملا چېگرىدىن ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنماي تۇتۇپ قېلىنىدىكەن ياكى قاماپ قويۇلىدىكەن، قاتتىق يامغۇرلۇق كېچىلەر ئۇلار ئۇچۇن يوشۇرۇنچە قېچىپ كېتىدىغان ياخشى پۇرسەت ئىكەن. چۈنكى، بۇ كەڭرى جايدا بىرلا يەردە قۇدۇق بولۇپ، كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان چېرىكلەر ئەگەر بىرەرىنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى بايقىسا، قۇدۇقنىڭ يېنىغا ياكى ئالدى تەرەپتىكى ئىككى بۇلاقنىڭ بويىغا بېرىپ ساقلاپ تۇرسىلا، ئۇلارنى تۇتۇپ كېلەلەيدىكەن، ھېچقانداق چاتاق چىقمايدىكەن. ئەمما، قاتتىق يامغۇر ياغقان ۋاقىتتا، يارلار ۋە تاغ ئۆڭكۈرلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىگە سۇ يىغىلىپ قالىدىغان بولغاچقا، قاچقانلار مۇشۇ يامغۇر سۇلىرىنى ئىچىپ، ئۇسسۇزلۇقىنى بېسىپ، سۇسىزلىق سەۋەبىدىن قۇدۇق بويىغا بېرىپ، قايتا قولغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنالايدىكەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە، يول ئىنتايىن پاتقاق بولۇپ كەتكەچكە، بىز يولغا چىقالماي قورۇل سىرتىدا ئايلىنىپ يۈردۇق، چۈشتىن كېيىن ماڭماقچى بولدۇق.

ھېلىقى ئىككى چېرىكبېشىنىڭ خانىمى (ئۇلار ئايال ھەمراھلىرىمىز بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇپ قالغانىدى) نۇرغۇن كۆكتات، ئىككى قوغۇن ۋە قومۇل قوغۇنىدىن بىرنى بىزگە يوللۇق سۈپىتىدە تۇتتى. بۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىلەر بولغاچقا، ئۆزلىرىمۇ كۆپرەك يېيىشكە قىيمايدىكەن.

شىڭشىڭشيادىن چىققاندىن كېيىنلا، يەنە قۇملۇقتىكى قا-
قاس يول باشلاندى، قارا دەشتىنىڭ كۆل رەڭ قۇم ـ شېغىللىق
يەرلىرى شىڭشىڭشيانىڭ جەنۇبىغا بارغاندا غايىب بولاتتى. ئەمدى
بىز بىر ئاجايىپ سېھىرلىك زېمىنغا قەدەم بېسىۋاتاتتۇق. تۆت
ئەتراپنى گرانىت تاشلىق تاغ چوققىلىرى ئوراپ تۇرغان كەڭ
كەتكەن نەمخۇش داللاردىن ئۆتەتتۇق. بەزى جايلارنىڭ تۇپرىقى
قىزىل بولۇپ، يول بويىدىكى تاغلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىك
ھەم تاقىر ئىدى، يېشىل، سۆسۈن، كۆك ۋە كۆل رەڭلىك
چوققىلار ھەر تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. قۇياش نۇرى ۋە
بۇلۇتلارنىڭ سايىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋاقىتتا، تاغلار
ئىنتايىن رەڭدار تۈسكە كىرىپ، خۇددى سانسىز ھەسەن ـ ھۈ-
سەنلەر كەڭ داللىنى كېسىپ ئۆتكەندەك كۆرۈنەتتى. بىز ھېلىقى
يۇلتۇز تېغىدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا، ئالايىتەن بۇ يەردە بىردەم توخ-
تاپ، خېلى نۇرغۇن يالتىراپ تۇرغان كۋارتس پارچىلىرىنى يې-
غىۋالدۇق.

گرانىت تاشلارنىڭ ئاستىدا نۇرغۇن ئۆڭكۈرلەر بول-
ۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر ئادەم بويى كېلىدىكەن. ئېيتىش-
لارغا قارىغاندا، بۇ ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن كولانغان ئۆڭكۈرلەر
بولۇپ، كىشىلەر قۇمنى كولاپ ئېلىپ، سېۋەتكە سېلىپ سۇدا
چايقىغاندىن كېيىن، زور مىقداردىكى ئالتۇنغا ئېرىشىدىكەن.

## 2. قۇملۇقنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى

يول بويى بىر قانچە قۇم ـ شېغىللىق جايدىن ئۆتتۇق. كۆل
رەڭ قۇملۇقتا دائىم كەسلەنچۈكلەر ئۇچرايتتى، ئېھتىمال، بۇ
يەردە ئۇزۇن ياشىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بەزى كەسلەنچۈك-
لەرنىڭ تېرىلىرى خۇددى بىر نەپىس ئىشلەنگەن بويۇمغا ئوخشاش
رەڭدار ئىدى، ئۇلار بەزىدە سارغۇچ كۆل رەڭ قۇملۇقتا سۈرلۈك

قاراپ تۇرسا، كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلاتتى.

چۈش ۋاقتى بىلەن شاچۈەنزى ( 沙泉子 ) گە يېتىپ كەل-دۇق، بۇ يەرنىڭ سۈيى ناھايىتى قىرتاق ھەم تۇزلۇق ئىكەن. شاچۈەنزىدە بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن، يەنە ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. كۈن ئولتۇرغاندا، قۇملۇقتىكى سوغۇق شامال جان ـ جېنىمىزدىن ئۆتۈپ، ھەممەيلەن يەنە بىر قات پاختىلىق چاپان كىيىۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ھەممە ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدى، پەقەت ھارۋا شوتىسىدىكى كولدۇرمىنىڭ رىتىملىق ئاۋا-زىلا قۇملۇقتا لەرزان ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىر كېچىدە مېڭىۋېتىپ كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان ھىلال ئاينىڭ تۈن قوينىنى يېرىپ چىقىپ يەنە غايىب بولغانلىقىنى، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ قاراڭغۇ ئاسماندا ئاستا ـ ئاستا يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇپۇقتا ئوت يورۇقلىرىنىڭ بىر ئۆچۈپ، بىر يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ھارۋىكەش ئاتلارنى قامچىلى-غان ۋاقىتتا، قامچىنىڭ قارسىلدىشىدىن چىققان سۈس ئۇچقۇنلار قاراڭغۇلۇقنى غىل ـ پال يورۇتۇپ تۇراتتى، قۇملۇقتىكى تىم-تاسلىق، قاراڭغۇلۇق ۋە تەنھالىق كۈندۈزدىكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. ئاھ، قۇملۇقنىڭ كېچىسى نېمىدېگەن سىرلىق ـ ھە!

## 3. كۈشۈي ۋە يەندۈن

ئۇزاق ھەم جاپالىق يول بېسىپ، ئەتىسى سەھەردە كۈشۈي ( 苦水 ) گە يېتىپ كەلدۇق. ئالدىمىزدىكى 90 چاقىرىم نېرىدا يەندۈن ( 烟墩 ) بولۇپ، ئۇمۇ قۇملۇقتىكى بىر مۇنبەت جاي ئىدى. بىز كۈشۈيدە شىڭشىڭشىياغا ئوزۇق ـ تولۇك ئەكېتىۋاتقان بىر توپ تۆگە كارۋىنىنى ئۇچراتتۇق. ھارۋىكىشىمىز قۇمۇلغا قايتىپ كېتىۋاتقان قېچىر ھارۋىلىقلارنى ئۇچرىتىپتۇ، ئۇلار بىز-

گە بىللە مېڭىشنى ئېيتقاچقا، سەپىرىمىز تېخىمۇ كۆڭۈللۈك
بولدى. بەزىدە هارۋىكەشلەر ئۆز ئارا بەستلىشىپ ئاتلىرىنى بولۇ-
شىچە چاپتۇرغاندا، كۆپ هاللاردا هارۋىنىڭ شاللىرى ئاجراپ
كېتىپ، هارۋا قىڭغىيىپ قالاتتى. خېلى بىر هازا هەپىلىشىپ
ئوڭشىغاندىن كېيىن، قايتا يولغا چىقاتتۇق.
بۇنداق ۋاقىتلاردا بىز هارۋىدىن چۈشۈپ، قەدەملىرىمىزنى
تەستە يۆتكىگىنىمىزچە پىيادە ماڭاتتۇق. يەندۇنغا يېقىنلاشقان
ۋاقىتتا، قۇياش تېخىمۇ تىكلىشىپ، ئاپتاپ ئادەمنى كۆيدۈرگۈ-
دەك قىزدۇرۇپ، ئىسسىققا پەقەت چىدىغىلى بولمىدى، ئەڭ
يامان بولغىنى ئەتراپتا سايە بولغۇدەك هېچنېمە يوق ئىدى،
قۇمۇلغا قايتىپ كېتىۋاتقان هارۋىلارنىڭ بىرىدە بىر يوغان ياغاچ
ساندۇق بولۇپ، بىز ئۇنىڭ كەينىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ،
بىردەم بولسىمۇ ئاپتاپتىن دالدىلاندۇق، ئەمما ساندۇقتىن بىر
خىل سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئىختىيارسىز
ئەجەبلىنىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ساندۇقتا نېمە قاچىلانغانلى-
قىنى سورىدۇق.
«قېچىرنىڭ ئۆلۈكى، يولدا بىر قېچىرىمىز ئۆلۈپ قالغان-
دى، ئۇنى ساندۇققا سېلىپ ئېلىپ ماڭدۇق، ئالدىمىزدىكى ئۆ-
تەڭگە ئاپارساق، ئۇنى قېچىر گۆشى ئورنىدا سېتىۋېتەلەيمىز»
دېدى بىرەيلەن جاۋابەن، بۇ هەقىقەتەنمۇ بىر ئاجايىپ ئامال
ئىكەن.
يەندۇندىن ئىبارەت بۇ قۇملۇقتىكى مۇنبەت جاي بىز شىن-
جاڭغا قەدەم باسقاندىن كېيىن يول بويى كۆرگەن هەرقانداق
يەرلەردىنمۇ چوڭ ئىكەن. ئۇ يەردە بىر مىلىچمال دۇكىنى بو-
لۇپ، گۇگۇت[1]، تاماكا، لۆڭگە، ياغلىق، ئۇپا ـ ئەڭلىك،
دورا، شۇنداقلا سوپىتى ئىنتايىن ناچار قەغەز قاتارلىقلارنى سات-
دىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مىلىچمال دۇكىنى يەنە پوچتا ئىدا-

① گۇگۇت — سىرەڭگىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

رىسى ئىكەن.

ئېگىز يارنىڭ ئۈستىدە بىر مەھەللىنى شەكىللەندۈرگەن بىر نەچچە كىچىك دەڭ بار ئىكەن. يارنىڭ تىك قاپتىلىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ھەرە ئۇۋىسىغا ئوخشايدىغان ئۆڭكۈرلەر بولۇپ، ئۇ ياۋا كەپتەرلەرنىڭ ئۇۋىسى ئىكەن. توپ - توپ ياۋا كەپتەرلەر دائىم يارنىڭ چوققىسى بىلەن قاپتىلىنىڭ ئارىلىقىدا قاناتلىرىنى قېقىشىپ پەرۋاز قىلىپ يۈرۈشىدىكەن.

يار يۈزىنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ئىسسىق بولغاچقا، بىز ھېلىقى كىچىك دەڭلەردە ھاردۇقىمىزنى چىقاردۇق. ھۇجرىلارنىڭ ھېچقانداق دېرىزىسى يوق، ئۈستىدىكى كىچىك تۈڭلۈكى ئارقىلىقلا ھاۋا ئۆتتۈشۈپ تۇرىدىكەن. بۇنداق ھۇجرىلار دەسلەپ قاراڭغۇ، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ماققا ناھايىتى تار تۇيۇلىدىكەن. چۈنكى، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ھەم كىچىك بولغانلىقى ئۈستىگە كەڭ سۇپا ئۆينىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋالغاچقا، تار دەھلىز ئارقىلىقلا كىرىپ - چىققىلى بولىدىكەن. قۇرۇق ئوت - چۆپ يېپىلغان تورۇس كاڭغا قالانغان تېزەكنىڭ ئىسىدىن قارىداپ مەينەتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىر خىل غەلىتىلا پۇرايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قۇرۇق ئوت - چۆپلەر چېچىلىپ ساڭگىلاپ قالغاچقا، كاڭدا ياتقىنىڭىزدا يۈزىڭىزگە تېگەيلا دەپ قالىدىكەن. تورۇستىكى ھېلىقى كىچىك تۈڭلۈك ھاۋا ئۆتتۈشتۈرۈش ۋە يورۇق چۈشۈرۈش رولىنى ئوينايدىكەن. ئەگەر بۇ كىچىك تۈڭلۈكنى ئېتىۋەتسە، باشقا پەنجىرە بولمىغاچقا، ئۆي ئىچى شۇ ھامان قاراڭغۇلۇققا چۆمىدىكەن. ئەمما، مول تەجرىبىلىك يولۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق ھۇجرىلارنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بار ئىكەن.

بىرىنچى، ئوتتەك قىزىق قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرمىغاچقا، يولۇچىلار بەخىرامان ئۇخلىيالايدىكەن (چۈنكى كۆپلىگەن يولۇچىلار كۈندۈزى ئارام ئالاتتى).

ئىككىنچى، ئاتەشتەك ئىسسىق ھاۋا تاملاردىن ئاسانلىقچە

ئۆتمەيدىكەن.

ئۈچىنچى، ئىشىكنى ياپقاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، پاشا، چىۋىنلەر قاراڭغۇلۇقنى خالىماي، دەرھال تۈڭلۈكتىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىكەن.

تۆتىنچى، چۆللۈكنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ساقلانغىلى بولىدىكەن.

بەشىنچى، ئوغرى ـ بۇلاڭچىلار كىرەلمەيدىغان بولۇپ، ھېرىپ كەتكەن يولۇچىلار نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ يىتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەي، خاتىرجەم ئۇخلىيالايدىكەن.

ھۇجرىلارنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئاڭلاپ، بىز ئۇنى شاڭخەي خەلقئارا مېھمانسارىيىدىنمۇ قالتىس ئىكەن دەپ مېيىقىمىزدا كۈلۈپ قويدۇق.

بىز بۇ قېتىم بىرنەچچە سائەت تازا قېنىپ ئۇخلىۋالدۇق، شۇنىڭ بىلەن روھىمىز خېلى كۆتۈرۈلۈپ، كەچتە يەنە يولغا چىقتۇق.

## 4. چاڭلىيۇشۇي

بىر كېچە ماڭغاندىن كېيىن، قۇملۇقتىكى مۇنبەت يېشىللىق — «چاڭلىيۇشۇي» (长流水) گە كەلدۇق.

ئاي يورۇقىدا كېتىۋېتىپ، توساتتىن بىر تۈپ دەرەخنى كۆردۇق، بۇ بىز ئەنشىدىن چىقىپ بۇ يەرگە كەلگۈچە ئۇچراتقان تۇنجى دەرەخ بولۇپ، كۆپچىلىك ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىشتى، ھېرىپ كەتكەن ئاتلارمۇ يېشىللىقنىڭ ھىدىنى پۇراپ ئىختىيارسىز پۇشقۇرۇپ كەتتى. ھارۋىكەشلەرنىڭمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ:

«بولدى، تارتىدىغان جاپالىرىمىز تۈگىدى، ئەمدى سۈزۈك سۇ ئىچەلەيدىغان بولدۇق» دېيىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە بىرنەچچە دەڭ بولسىمۇ، ھەممىسىگىلا ئادەم تو-
شۇپ كېتىپتۇ. بىز ئاخىر بىر كىچىك ئەسكى دەڭگە چۈشتۇق،
دەڭ خوجايىنى ئۆيىدە بولمىغاچقا، خوتۇنى چىقىپ بىزنى كۈتۈ-
ۋالدى. كاڭغا تېزەك قالاپ سۇ قايناتقاندىن كېيىن، بىز ئاۋۋال
بىرەر پىيالىدىن «سۇزۇك سۇ» دا دەملەنگەن پۇراقلىق چاي
ئىچتۇق، ئاندىن ئانچە - مۇنچە بىر نەرسە يەپلا ئۇيقۇغا كەتتۇق.
چاڭلىيۇشۇي ئەتراپىدا ئاھالىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن،
ھەممىلا دەڭلەرنىڭ ھويلىلىرىغا قۇمۇل يېزىلىرىدىن بۇ يەرگە
مال يۆتكەپ كەلگەن كالا ھارۋىلىرى توشۇپ كەتكەن، بىز مۇشۇ
باھانىدە كۆكتاتلاردىن ۋە قۇمۇلنىڭ قوغۇنلىرىدىن ئانچە - مۇنچە
ئالدۇق.
كېيىن بۇ يەردىكى بۇلاق بويىدا بىرنەچچە سائەت ئايلاندۇق.
بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاق بويىدا دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى،
ئاياللار بۇلاقتىن سۇ ئېلىۋاتقانىكەن، ئايال ھەمراھلىرىمىز ئۇلار
بىلەن خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ قالدى. چاڭلىيۇشۇي ھەقىقەتەنمۇ
قۇملۇقتا كەم ئۇچرايدىغان بىر گۈزەل سەيلىگاھ ئىكەن. ئەپ-
سۇس، بىز بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمايلا يەنە يولغا چىقىپ كەتتۇق.

## 5 . خۇاڭلۇگاڭ

ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا خۇاڭلۇگاڭ ( 黄芦冈 ) غا يېتىپ
كەلدۇق. مەھەللە ئېگىز - پەس يانتۇلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جاي-
لاشقان، ئەتراپتا ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەنىدىكەن. قويـ-
ـۇق ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن قويلار بويۇنلىرىنى
سوزۇشقىنىچە ئېغىناپ يېتىشقان بولۇپ، ئوت - چۆپلەر بېسىـ-
ـلىپ يەرگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ جاينىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن
ئۆزگىچە بولۇپ، ئادەمنى خېلى جەلپ قىلىدىكەن. چۈشتىن
كېيىن بىز مەھەللىگە كىرىپ ئايلاندۇق. مەھەللىدە ئاھالىلەر

خېلى كۆپ بولۇپ، بىر مەسچىتمۇ بار ئىكەن، بىر توپ بالىلار چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ بىر موللامدىن «قۇرئان كەرىم» ئۆگىنىۋېتىپتۇ. بۇلار مۇشۇ ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرى ئىكەن، بۇ يەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسى پۈتۈنلەيلا ئۇيغۇرلار ئىكەن، ئەمما دەڭ ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار ئىكەن.

بىز بۇ يەردە كىچىككىنە بىر پېشكەللىككە يولۇقتۇق. ھارۋىكەشلەردىن بىرى توساتتىن ئۆينىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئېگىز ئۆسكەن زەمبۇرۇغلارنى كۆرۈپ قېلىپ، بىر ۋاخ ئېسىل كەچلىك تاماق تەييارلىماقچى بولۇپتۇ. ئۇ ئۇنىڭ تەمىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىسىمۇ، ئەمما زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۈزۈپ كېلىپ ئۇدۇل قازانغا سېلىپ قاينىتىپتۇ. بىزمۇ ئۇنىڭ زەھەرلىك زەمبۇرۇغ ئىكەنلىكنى بىلمىگەچكە، قاينىتىۋېرىشنى ئېيتىپتۇق. قاينىغاندىن كېيىن قارىساق، بىر خىل كۆل رەڭ ھەم شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنىڭ ئۈستىدە ماي كۆپۈكچىلىرى ئۆرلەپ تۇرۇپتۇ، ئېغىزغا ئېلىشىمىزغىلا قۇسقىمىزنى كەلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، تېتىپ بېقىپلا قويۇپ قويدۇق. كۆپرەك يەۋالغانلار شۇ ھامانلا ئاغرىپ قالدى. بىز دەرھال قۇتقۇزۇشقا ئامال قىلالمىدۇق. مەھەللىدىكىلەر كېلىپ بىر قاراپلا زەھەرلىك زەمبۇرۇغ يەۋالغانلىقىنى بىلدى. ھېلىمۇ ياخشى ئانچە ئېغىر زەھەرلەنمىگەنىكەن، قاش قارايغان مەزگىلدە زەھەرنىڭ تەسىرى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ، ئاغرىپ قالغانلارمۇ خېلى ئەسلىگە كەلدى. باشقىلىرىمىز تەلىيىمىزگە ھېچنېمە بولمىدۇق، ئەمما بۇ ئىش بىزگە بىر ساۋاق بولۇپ قالدى.

خۇاڭلۇگاڭدىن چىققاندىن كېيىن يۈگۈجى ( 榆谷集 ) غا يېتىپ كەلدۇق. مەھەللىدىكى ئۆستەڭنىڭ بويىدا ناھايىتى چوڭ بىر دەڭ بولۇپ، پاكىز ھەم ئازادە ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، شۇ يەردە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق.

ئەمدى قۇمۇلغا پەقەت 30 ~ 40 چاقىرىملا قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇڭا، ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يولغا چىقتۇق. بۇگۈن بۇ داڭلىق قەدىمىي شەھەرگە يېتىپ بارىدىغان بولغاچقا، كۆپچىلىك- نىڭ ھەممىسىلا شۇنچە روھلۇق كۆرۈنەتتى.

دەسلەپتە بىر ئېگىز - پەس ئوتلاقتىن ئۆتتۇق، كېيىن يەنە بىر قۇملۇقتىن ئۆتتۇق. ھەممىمىزنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، قەل- بىمىزنى بىر خىل ئېيتقۇسىز خۇشاللىق چىرمىۋالغانىدى.

## 6. غەربىي شىمالدىكى جەننەت — قۇمۇل

*قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى*

قۇمۇل بىز شىنجاڭ ئۆلكىسىگە كېلىپ تۇنجى بولۇپ كۆر- گەن ئەڭ چوڭ ھەم تولىمۇ ئاۋات يۇرت ئىدى.

قۇمۇلغا ئون چاقىرىمدەك قالغاندا، ئىنتايىن مۇنبەت ھەم كەڭرى بىر ئېتىزلىقنى كۆردۇق، قىرلارنىڭ ئارىلىقىدا كىچىك ئېرىقلار بولۇپ، شال، كېۋەز، تېرىق، كۆممىقوناق ۋە سۆكلەر بولۇق ئۆسكەنىكەن. بىر ياپيېشىل ئورمانلىقتىن ئۆتكەندىن كې- يىن، قۇمۇل شەھىرىنى كۆردۇق، ئۇستىمىزدىكى بۇلۇتسىز سۇزۇك ئاسمان، يىراقتىكى ئاق باش تاغلار ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. بۇ ۋاقىتتا، تۇم قىزىل رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشىپ ئۇزۇن ئاق رومال ئارتىۋالغان بىر توپ قىزلار چوڭ يولدىن بىر توپ شاش ئېشەكلەرنى قوغلاپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ئۇلار شۇنچىلىك زىلۋا ھەم لاتاپەتلىك ئىدىكى، ئادەمنى ئىختىيارسىز مەھلىيا قىلىۋالاتتى.

قۇمۇل بىز دەسلەپتە تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدىنمۇ گۈزەل ئىكەن. بىز چۈشكەن ساراي دەل شەھەرنىڭ ئىچىدە بولۇپ، خوجايىنى بىر باي ئۇيغۇر ئىكەن. ساراي سەيناسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە گۈللۈك بولۇپ، پۇختا سېلىنغان ئۆيلەر سەينانى ئوراپ

تۇرغانىكەن. بىز تۇرغان ئۆي بىر يۇرۇش ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئايرىم ئىشىكلىرى بولغاندىن سىرت، ئى- چىدىكى نەرسە - كېرەكلەرمۇ ئىنتايىن رەتلىك ھەم پاكىز ئى- كەن. سارايدا ئات ئېغىلى بولمىغاچقا، ئات - ئۇلاغ ھەم ھارۋى- كەشلىرىمىز باشقا بىر ئادەمنىكى دەڭگە چۈشتى. خوجايىن مۇ- سۇلمان بولغانلىقتىن، بىزگە توڭگۇز گۆشى، توڭگۇز مېيى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكىرمەسلىكىمىزنى ھەم ئۆزىنىڭ قاچا - قومۇچلىرىنى ئۇ نەرسىلەرگە ئىشلىتىپ بۇلغىماسلىقىمىزنى ئېيتتى. بىرلا بۇلغىنىپ قالسا، ئۇلار بۇنى ئىشلەتمەي تاشلىۋېتىدىكەن.



قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قەبرىگاھى (ئالتۇنلۇق مازىرى)

تاماق ۋاقتى بولغاندا، خوجايىن بىزگە بىر قۇمۇل قوغۇنى بەردى، بۇ شۇ جاينىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى ئىكەن. تاماق - قورۇمىلارمۇ ئىنتايىن لەززەتلىك بولۇپ، قوي - كالا گۆشلى- رى، چەيزە، پۇرچاق، قوغۇن ھەم پۇراقلىق چايمۇ بار ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاخىردا ھەربىرەيلەنگە بىر تەخسىدىن قوغۇن قېقى قويۇلدى. بىز
تازا ھوزۇرلىنىپ يېيىشتۇق. بۇ ساراي ئەسلىدە قۇمۇلدا ئۇزۇن-
راق تۇرۇپ قالىدىغان يولۇچىلار چۈشىدىغان ساراي بولغاچقا،
مۇنچىسىمۇ بار ئىكەن. بىز جيۇچۇەندىن چىققاندىن تارتىپ، يول
بويى ئىچىدىغان ھەم ئىشلىتىدىغان سۇ كەمچىل بولغاچقا يۇيۇنال-
مىغانىدۇق، ئەمدى تۇنجى قېتىم ئىسسىق سۇدا راھەتلىنىپ
يۇيۇنۇۋالدۇق.
ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايلىرىغا قاراپ، قۇمۇل شە-
ھىرى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدىكەن. بىز ئارام ئېلىپ بولغاندىن
كېيىن، ئەتراپقا بېرىپ ئايلاندۇق، شەھەر ئىچىدە ئىنتايىن پۇخ-
تا ياسالغان بىر توپا قەلئە بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
ئۇ خان ئوردىسى ئىكەن، خەنزۇلار ئۇنى «ۋاڭ ئوردىسى» دەپ
ئاتايدىكەن. موڭغۇللار دەۋرىدە چىڭگىزخان قۇمۇلنى ئەۋلادلىرىغا
بۆلۈپ بەرگەندىن تارتىپ قۇمۇل موڭغۇل خانلىرىنىڭ ھۆكۈمراز-
لىقىدا بولۇپ كەلگەن، مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلار گۇمران
بولغانىكەن. بۇ توپا قەلئەدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا يەنە
بىر قەلئە بولۇپ، ئۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە چېرىكلەر تۇرۇشلۇق
جاي ئىكەن، خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ يەردە تۇرىدىكەن. بۇ
ئىككى قەلئەنىڭ سىرتىدا، ئوتتۇرىسىدا ھەم ئەتراپلىرىدا ئاۋات
كوچىلار ۋە يايمىلار بولۇپ، ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلارنىڭ سودا
مەركىزى ئىكەن. بۇلاردىن باشقا، يەنە بىر مۇسۇلمانلار شەھىرى
بار ئىكەن، تۇڭگانلار بۇرۇن مۇسۇلمان خەنزۇلار دەپمۇ ئاتىلاتتى-
كەن ①. يەنە بىرقانچە يەردە چىرايلىق باغچىلار بولۇپ، ئوتتۇرد-
سىدىن بىر چوڭ دەريا ئېقىپ ئۆتىدىكەن. شەھەر ئەتراپىدىكى
كۆپىنچە يەرلەر كۆكتاتلىق بولۇپ، قالغان جايلار (جەنۇب –
شىمال ئارىلىقى تەخمىنەن 20 چاقىرىم، شەرق – غەرب ئارىلىقى

① بۇ يەردىكى مۇسۇلمان خەنزۇلار — خۇيزۇلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، قۇمۇلدىكى مۇسۇلمان شەھىرى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

تەخمىنەن 15 چاقىرىم كېلىدىغان) ئاساسەن ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ ئېتىزلىرى ئىكەن.

*قۇمۇل ئاياللىرى*

بىز تۇرغان ساراي خوجايىنىنىڭ تۆت خوتۇنى بولۇپ، ئۇلار ئارقا ھويلىدا تۇرىدىكەن، ھويلىنىڭ ئىچى ئىنتايىن چىرايلىق، گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ھۇجرىلىرى ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بولۇپ، بۇ تۆت خانىمدىن تۇغۇلغان بالىلار بىر - بىرىدىن ئوماق ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارغا تۇغقان كېلىدىغان بىر تۇل خوتۇن ھەم ئۇنىڭ قىزى ئۇلار بىلەن بىللە تۇرىدىكەن.



قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قەبرىگاھى يېنىدىكى مەسچىت

خوجايىنىنىڭ خوتۇنلىرى ھەم قىزلىرى ئوخشاشلا پۇتۇن رەختتىن تىكىلگەن، ئوشۇقىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئېسىل كىيىملەرنى كىيىۋېلىشقان، ئۇستىدە بىر ئويمىسىلا بولۇپ، كىيىگەندىن كېيىن ئىككى مۈرىسىنى يىپ بىلەن چىگىۋالىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىچىك بالىلارنىڭ كىيىملىرىمۇ مۇشۇنداق ئۇزۇن ئىكەن. ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا تىزىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان داكا ياكى يىپەك چۈمبەل تارتىۋېلىشقانلىقتىن، ھەتتا قوللىرىمۇ كۆرۈنمەي قالىدىكەن، ئەمما ئۇلار چۈمبەلنى ئېلىۋەتكەندە ياكى قايرىغاندا، قوللىرى ئىنتايىن ئەپچىل ھەرىكەت قىلىدىكەن. ياتلىق بولغان ئاياللار چۈمبەل تارتماي، خېلى ئەركىن يۈرىدىكەن. بۇ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا سۇمباتلىق ھەم چىرايلىق، تېرىلىرى تولىمۇ سۈزۈك بولۇپ، يەلپۈنۈپ تۇرغان چۈمبىلى ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ، ئۇلارنى ئاجايىپ جەزبىدار ھەم جەلپكار قىلىپ كۆرسىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۈلگەن ياكى ئويالغان چاغدىكى لاتاپەتلىك چېھرى، چۈمبەلگە يوشۇرۇشلىرى ئادەمنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلىدىكەن. ياش قىزلارنىڭ پېشانىسىگە چىگىۋالغان قارا رەڭلىك لېنتىسىنىڭ ئىككى ئۇچى كۆكرىكىگىچە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلار ئۆيدە تۇز كەش كىيىۋالسا، سىرتقا چىققاندا ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈك كىيىۋالىدىكەن. بەزىدە زەر يىپ كەشتىلەنگەن يېشىل رەڭلىك تىۋىت پايپاقمۇ كىيىۋالىدىكەن. بېشىغا چۈمبەلنىڭ ئۈستىدىن باسۇرۇپ بىر خىل قىرسىز يۇمىلاق بۆك① كىيىۋالىدىكەن، شەكلى ھەرخىل ھەم رەڭگارەڭ، باشقا شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن.

قۇمۇلدىكى يەرلىك ئاھالىلەر، بولۇپمۇ ئاياللار تولىمۇ مېھماندوست كېلىدىكەن. بۇ ئېھتىمال قۇمۇلنىڭ شارائىتىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى، بىپايان قۇملۇقتىكى مۇشۇنداق بىر يېگانە يۇرتتا، كىشىلەر مېھمانلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەنىكەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قۇملۇقتىكى بىر مۇنبەت بوستانلىق ئىكەن!

① قۇمۇل ئاياللىرى كىيىۋالىدىغان دوپپا بولسا كېرەك — تەرجىماندىن.

## *مەھسۇلاتلىرى ۋە سودىسى*

قۇمۇلدىن ھەرخىل مەھسۇلاتلار كۆپ چىقىدىغان بولۇپ،
يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالىدىكەن. ياپيې-
شىل باغلار، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر، ئاجايىپ گۈل ـ گىياھلار،
شۇنداقلا مەي باغلىغان مېۋىلەر ۋە كۆكتاتلار قۇمۇلنىڭ «يەر
يۈزىدىكى جەننەت» دېگەن نامىغا تولىمۇ ماس كېلىدىكەن. غەر-
بىي شىمالدىكى خەلقلەرمۇ قۇمۇلنى جەننەتتەك كۆرىدىكەن.

قۇمۇل شەھىرىدە كوچىلار ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر كۆپ
بولۇپ، ئاۋات چوڭ كوچىلار ۋە دۇكانلار كىشىنىڭ كۆزىنى
ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىكەن. بۇ يەردە ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىدىن كەلگەنلەر قىستا ـ قىستاڭ چوڭ يوللاردا ئۆز ئىختىيارچە
يۈرۈشىدىكەن. ئەمما، ئۇلار يەنىلا ئۆزىگە خاس سودا ـ سېتىق
ئۇسۇللىرىنى ۋە كىيىم ـ كېچەك، تىل جەھەتتىكى ئۆرپ ـ
ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغانىكەن.

بازارلاردىكى سېتىقچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خېيبېلىك-
لەر بولۇپ، كۆپىنچىسى تيەنجىن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىكەن.
سەرراپخانا ۋە گۆرۈخانىلار شەنشىلىكلەرنىڭ ئىكەن. مىسكەرچى-
لەر ۋە سەييارە سېتىقچىلار ئاساسەن خۇنەنلىكلەر ئىكەن. قاداق-
چىلار بولسا پۈتۈنلەيلا سىچۇەنلىكلەر بولغاچقا، ئۇلار سىز بىلەن
سىچۇەن توغرىسىدا پاراڭلىشىشنى تولىمۇ ياقتۇرىدىكەن. سودى-
گەرلەرنىڭ سېتىۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ خاراكتېرىدىنمۇ مىللەت
پەرقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، نەپىس توقۇلغان رەختلەر ۋە
يىپەكلەرنى ئاساسەن خەنزۇلار ساتىدىكەن. ئەمما، كەڭ يوللۇق
ئېسىل زىلچا، خۇرجۇن ھەم قوي يۇڭىدىن توقۇلغان بۇيۇملارنى
بولسا پۈتۈنلەيلا ئۇيغۇرلار ساتىدىكەن. يەرلىكلەرنىڭ قىزىرىپ
پىشقان قاتلىمىلىرى ① تولىمۇ مەززىلىك بولۇپ، خەنزۇلارمۇ
ئۇلارغا يېتەلمەيدىكەن.

---

① بۇ دەل ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى بولغان ناندۇر.



قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يازلىق ئوردىسى

مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتاتلارنى گەرچە خەنزۇلار تېرىسىمۇ، ئەمما ساتىدىغانلار ئۇيغۇرلار ئىكەن، ئۇلارنىڭ دۇكانلىرىدا سەۋزە، چەيزە ھەم ماش - پۇرچاقلار، يەنە بىر خىل ئىسمىنى بىلگىلى

بولمايدىغان، ئۇزۇنلۇقى بىر چى كېلىدىغان يۇمىلاق پۇرچاق، ئىشقىلىپ، ھەممە نەرسە بار ئىكەن، بولۇپمۇ چاقما كاۋا ئەڭ كۆپ بولۇپ، قەدىمكى قۇمۇلنىڭ نامىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن، چۈنكى «قۇمۇل» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «چاقما كاۋىنىڭ يۇرتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن ①. ئۇلاردىن باشقا، پىياز، چوڭلۇقى ئاپېلسىندەك كېلىدىغان كۆك لازا، چىڭسەي، ئۇسۇڭ ۋە تەرخەمەكلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ماش - پۇرچاقلار بۇ يەردە كۆكتات ئورنىدا ئىشلىتىلمەيدىكەن، ئۇلاغلارغىلا بېرىلىدىكەن، شۇڭا تيەنجىندىن كەلگەن كۆكتاتچىلار ئۇلارنى تېرىمايدىكەن، يەرلىك دېھقانلارلا تېرىيدىكەن.



ئۇيغۇر بابكار

بۇ ۋاقىت مېۋىلەر ئانچە پىشىپ كەتمىگەن مەزگىل بولسىمۇ، ئەمما بازارلارغا كىچىك ئالمىلار ھەم تۇنجى پىشقان تاۋۇزلار كىرىپتۇ. پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق، ئاجايىپ تەملىك بىر خىل

① «قۇمۇل» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بولغاچقا، تېخى بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوغۇن بولۇپ، ئۇ «قۇمۇل قوغۇنى» دەپ ئاتىلىدىكەن، شاپىقى تورلۇق، ئۆزى يوغان، ئېتى چۇرۇك، كۆپىنچىسى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە، يەنە ئاق رەڭلىرىمۇ بار بولۇپ، بەك تاتلىق ئىكەن. چوڭ ـ كىچىكلىكى ئادەتتىكى تاۋۇزچىلىكلا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تاۋۇزلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئەمما ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بار ئىكەن. خەنزۇلار بەكمۇ ياقتۇرۇپ يەيدىكەن.



ئۇيغۇرلار نان ياقىدىغان تونۇر

قوغۇن تېرىشتا، يەرلىك قۇمۇللۇقلارنىڭ ئاجايىپ ئېپى بار ئىكەن، ئۇلار قوغۇن ئۇرۇقلىرىنى قۇملۇق ياكى قۇم ـ شېغىللىق يەرلەردىكى ئەڭ ياخشى يەرلەرگە چاچىدىكەن، بۇنداق قۇملۇق تۇپراقلار كۈن نۇرىنىڭ ھارارىتىنى تارتىدىغان بولغاچقا، قوغۇنلار تاتلىق پىشىدىكەن. قوغۇنچى ئۆزىنىڭ قوغۇنلۇقىدا سۇ قۇيۇپ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاپ، چۆنەكلەرنى توختىماستىن تەكشىلەپ تۇرىدىكەن. قوغۇن پىشىشقا ئاز قالغاندا، يەنە قوغۇنلۇقتىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەت بىلەن

باقىدىكەن. قوغۇن يوغىناپ شاپىقى تېخى قاتماستا، ھەربىر قو-
غۇننىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنىڭ بەلگىسىنى سىلىپ قويىدىكەن،
قوغۇن رەسمىي پىشقاندا، قوغۇننىڭ ئۈستىدە بۇ بەلگىلەرنىڭ
ئويمان ـ دۆڭ ئاقۇچ ئىزى قالىدىكەن.

## *مۇسۇلمانلار شەھىرى ۋە خەنزۇلار شەھىرى*

بىر كۈنى بىز مۇسۇلمانلار شەھىرىگە بېرىپ كۆرۈپ كەل-
مەكچى بولدۇق. شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىدىغان چاغدا، ئاق
سەللە ئوراپ، ئۇزۇن تون كىيىۋالغان بىر ئاپئاق ساقاللىق
ئۇيغۇر بوۋاينىڭ ئالدىرىماي مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.
ئۇنىڭ يېنىدا ئېگىز ھەم قاملاشقان بىر ئايال بولۇپ، پاختا
رەختتىن تىكىلگەن سۇس كۆك رەڭلىك كىيىم كىيىۋالغان،
يۇزىگە ئاق چۇمبەل تارتىۋالغان، بېشىدا بىر چۆگۈننى كۆتۈرۈ-
ۋالغانىكەن. ئېھتىمال، بوۋاينىڭ خوتۇنى بولسا كېرەك. ئۇلار-
نىڭ تىلىنى ئانچە ئۇققىلى بولمايتتى، ئۇلارمۇ ھەر دائىم تىلماچ-
لارغا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە
سۆزلىيەلەيدىغان خەنزۇ خوتۇندىن بىرنى ياللاپ، خوتۇنلىرى
قاتارىدا تۇرغۇزىدىكەن.

مۇسۇلمانلار شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى خەنزۇلار-
نىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن، بىراق ئۆيدىكى سۇپىلار ئىنتا-
يىن پەس بولۇپ، ئوت قالانمايدىكەن. ئۇستىگە چىرايلىق كىگىز-
لەر سېلىپ قويۇلىدىكەن. مېھمانلار سۇپا ئۈستىگە چىققاندا ئايى-
غىنى سېلىۋېتىدىكەن، بۇ ئۇلاردا بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلى-
ۋاتقان ئادەت ئىكەن. ئۇلارنىڭ كىيىم ئىشكاپىمۇ ئىنتايىن چى-
رايلىق بولۇپ، ئۈستىگە بىر يوغان مىس لىگەن قويۇپ قويۇلى-
دىكەن، بۇ پولۇ يېيىشتە ئىشلىتىلىدىكەن. پولۇ دېگىنى كالا،
قوي گۆشلىرى ھەم ماي بىلەن باشقا خۇرۇچلارنى ①

① گۇرۇچ بىلەن سەۋزىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىدىغان تاماق بولۇپ، بۇنى يەرلىك كىشىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك يەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قول چايقاشقا ئىشلىتىلىدىغان مىس ئاپتۇۋا، چىلاپچا تەييارلاقلىق تۇرىدىكەن.

مۇسۇلمانلار شەھىرىدە يەنە ئاجايىپ بىر سۆگەت بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇمۇ قۇمۇل شەھىرىدە داڭلىق ئىكەن. شۇڭا، بىزمۇ بېرىپ كۆرۈپ كەلدۇق. بۇ تەخمىنەن 50 دەك يوغان شېخى بار چوڭ سۆگەت بولۇپ، ئاجايىپ - غارايىپ گىرەلىشىپ كەتكەن باراقسان شاخ - يوپۇرماقلىرى خېلىلا چوڭ يەرگە سايە تاشلاپ تۇرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شاخلار بىر غول يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىققانىكەن. بىز ئۇنى قانغۇچە تاماشا قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ دەرەخ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدۇق.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بىز خەنزۇلار شەھىرىگە، يەنى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا باردۇق. مەنزىرىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شەھەرلەرگە ئوخشايدىغان بولۇپ، دۇ- كانلار ۋە يايمىلار ئىنتايىن كۆپ ھەم ئاۋات ئىكەن. بۇ يەردىكى سودىگەرلەر سودىدا تولىمۇ قىزغىن ھەم خۇش مۇئامىلىلىك ئى- كەن، خېرىدارلار ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەگەر ئالغان ماللىرىدىن رازى بولماي قالسا، ياندۇرۇپ بەرسىمۇ بولىدىكەن. بۇ ئاللىقاچان بىر خىل ئادەتكە ئايلانغانغاچقا، ئارازچىلىقلارمۇ ئىنتايىن ئاز يۈز بېرىدىكەن.

بىز بىر دۇكانغا نەرسە - كېرەك ئالغىلى كىردۇق. ئىچىدە ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرى تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، باھاسى خېلىلا قىممەت ئىكەن. بىز باھاسىنى چۈشۈرۈپ بېرىشنى ئېيت- ساق، خوجايىن تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن:

— ساتىدىغان يېرىم مۇشۇ، مەندىن باھا تالىشىپ ئولتۇر- ماڭلار، — دېدى.

بىز ئەكەلگەن پۇلىمىز يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قايتا

كېلىپ ئالايلى دېۋىدۇق، خوجايىن دەرھال شاگىرتىنى چاقىرىپ بىزنى كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلەر يىراقتىن كەلگەن ئەزىز مېھمان، بىردەم ئولتۇرۇپ ئاز - پاز چاي ئىچىۋېلىڭلار، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ سودا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. قايتىدىغان چاغدا، خوجايىن تېخى يەنە بىزنى ئۇزىتىپ قويدى.

## *تارىختىكى قۇمۇللۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى*

قۇمۇلنى خەنزۇلار «خامى» ( 哈密 ) ، ئۇيغۇرلار بولسا «قۇمۇل» دەپ ئاتايدىكەن.

ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق مىللەت ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇلدىن ئىبارەت بۇ قۇملۇقتىكى مۇنبەت يۇرتنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئۇلاردا بىر خىل پەۋقۇلئاددە خاراكتېر يېتىلدۇرگەن، ئۇلارنىڭ قېنىدا مەركىزىي ئاسىيا ئېگىزلىكلىرىدە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى مۇجەسسەملەشكەنىكەن.

قۇمۇلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى ۋە گۈللەندۇرگۈچىلىرى ئوغۇزلار دەپ ئاتالغان بىر قەدىمكى خەلق بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى جۇڭغار دالىسىنىڭ شىمالىي ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقان، كېيىن موڭغۇللار تەرىپىدىن قوغلىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يەرلەرگە، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلگەنىكەن. شۇڭا، قۇمۇل يەنە جۇڭغار دالىسىنىڭ بوسۇغىسى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن؛ بۇ يەرگە ماكانلاشقانلار كېيىن قۇمۇللۇقلار دەپ ئاتالغانىكەن. ئۇلار دەسلەپتە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ مۇسۇلمان بولغانىكەن. چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش يىللىرىدا، قۇمۇل بىر مەزگىل خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان، كېيىن تىنچىتىشقا كەلگەن چىڭ

www.uyghurkitap.com

سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تۇرارگاھى بولغانىكەن. گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، بىر رۇسىيىلىك سەيياھ قۇمۇلنىڭ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھەم چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قارارگاھى بولۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالغان، بۇمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ، قۇمۇل كېيىن يەنە بارا - بارا ئاۋاتلىشىپ، شىنجاڭدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپتۇ.

### *مۇرەككەپ ئاھالىلەر ۋە تۈرلۈك ئىرقلار*

قۇمۇلدا مىللەتلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ، خۇددى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىلا باردەك قىلاتتى، ئۇلار خەنزۇلار، تۇڭگانلار[1]، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، قالماقلار (يەنى ئويرات موڭغۇللىرى)[2]، قازاقلار، قىرغىزلار، نوغايلار (يەنى تاتارلار)، مانجۇلار ۋە رۇسلار ئىكەن.

قۇمۇلدىكى خەنزۇلار ئىچىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 18 ئۆلكىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا بولۇپ، ئۇلار ئەمەلدار، ئەسكەر، سودىگەر ئىكەن. يەنە يول تېپىش ئۈچۈن غەربىي شىمالغا كەلگەن كۆچمەنلەر ھەم يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلغان سەرگەردان - ئالىقاپلارمۇ بار ئىكەن، ئالىقاپلىرى ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئۇلاردىن باشقا، يەنە كونا زاماندىكى ھەرخىل ئەمەلدىكى ئۆمۈرلۈك پالاندىلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بار بولۇپ، كۆپىنچىلىرىنىڭ قۇمۇلدا ئولتۇراقلاشقىنىغا نەچچە يۈز يىل بولغانىكەن. قۇمۇلنىڭ بارلىق تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشمىسىمۇ، ئەمما خەنزۇلار مۇھىتقا ئىنتايىن ماسلىشىپ كېتىپتۇ.

---

① تۇڭگانلار — خۇيزۇلارنى كۆرسىتىدۇ.
② قالماقلار — ئادەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان موڭغۇللارنى كۆرسىتىدۇ.

بىز خەنزۇلار تۇڭگانلار دەپ ئاتايدىغان مۇسۇلمانلارنى گەنسۇ ئۆلكىسىدە خېلى كۆرگەن بولساقمۇ، ئەمما شىنجاڭ ئۆلكىسىدە بەك كۆپ ئىكەن. تۇڭگانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلىماق تەس، چەت ئەللىكلەر تۇڭگان ياشلىرىنى تونجى كۆرگەندە، ھەمىشە ھەيران بولغانلىقىدىن «ئەجەب چىرايلىق ئەرەب ياشلىرىكەن» دەپ قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ چاچلىرى ئانچە قارا ئەمەس، قىياپىتى ئىنتايىن جەسۇر، كۆپىنچىسىنىڭ قىسقا ھەم بۇدۇر، قوڭۇر رەڭ بۇرۇت ـ ساقاللىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئېتىقادى ئىنتايىن چىڭ مۇسۇلمانلار بولۇپ، توڭگۇز گۆشى يېمەيدىكەن، ھاراق ئىچمەيدىكەن ھەم ئەپيۇنمۇ چەكمەيدىكەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇيزۇلار يېغىلىقىدا، دەل شۇلار يول باشچىسى بولغانىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقان ئىكەن. تۇڭگانلار خەنزۇ تىلىدا، ئۇيغۇرلار بولسا ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ ھەم يېقىملىق، بۇ تىلشۇناسلارنىڭ باھاسى ئىكەن. يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا يەنە: «ئەرەب تىلى ئىلىم، پارس تىلى شېكەر، ھىندى تىلى تۇز، ئۇيغۇر تىلى سەنئەت» دېگەن تەمسىلمۇ بار ئىكەن[①].

تەڭرىتاغنىڭ بۇ شىمالىي ئەتراپىدا، موڭغۇللارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئۇلارنىڭ قاۋۇللۇقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، ياپىلاق يۈزى، بالىلارچە ساددىلىقى زاڭزۇلار بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئىكەن، ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

قازاقلار مۇسۇلمان كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، بېشىغا غەلىتە ئۈچلۈق قالپاق، پۇتىغا ئېگىز ئۇزۇن قونچىلىق

---

① ئەسلى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «ئەرەبىي ھەسەلەست، پارسىي شېكەرەست، تۈركىي ھۈنەرەست» (ئەرەب تىلى ھەسەلدەك تىل، پارس تىلى شېكەردەك تىل، تۈرك تىلى ھۈنەر تىلى) دېگەن بىر تەمسىلى بولۇپ، بۇ تەمسىل ئېھتىمال مۇشۇ تەمسىلنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى راۋاجى بولسا كېرەك — تەرجىماندىن.

ئۆتۈك كىيىۋالىدىكەن. رۇسلار ئۇلارنى كازاكلاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن قىرغىزلار دەپ ئاتايدىكەن، ئەمەلىيەتتە قازاقلار بىلەن كازاكلارنىڭ ھېچقانداق باغلىنىشلىقى يوق. كازاكلار بولسا رۇسىيىلىكلەر، ئۇلار چار رۇسىيە دەۋرىدە نۇرغۇن ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولغان، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چار رۇسىيىگە بولغا ساداقىتىنى بىلدۈرگەن، تارىختا ئاتالغان كازاك ئەسكەرلىرى دەل ئاشۇلاردىن ئىبارەت.

بىز بەزىدە يەنە بىر خىل خەلقلەرنىمۇ ئۇچرىتىپ قالاتتۇق، ئۇلارنىڭ قىياپىتى ۋە تۇرقى بەئەينى ياۋروپالىقلاردەك، ئەرلىرى قىرىملىقلاردەك ساقال - بۇرۇتلۇق ئىدى، ئاياللىرىنىڭ كىيىمى ياۋروپالىقلارنىڭكىگە بەك ئوخشايتتى، ئەمما ھەممىسىلا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىدىكەن، ھەتتا كىچىك بالىلىرىمۇ مۇشۇنداق ئۆتۈك كىيىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ تىرىلىرى ناھايىتى سۈزۈك، تەقى - تۇرقى ناھايىتى قاملاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. ئۇلار دەل «نوغايلار» ، نوغايلارنىڭ بۇ نامى XIII ئەسىردە قىرىمدىكى بىر تاتار يول باشچىسى موڭغۇل قوشۇنلىرىنى باشلاپ ياۋروپاغا غەلىبىلىك ئىچكىرىلەپ كىرىپ، نۇرغۇن خرىستىئانلارنى تۇتقۇن قىلىپ كەلگەندە قويۇلغانىكەن. ئۇلارمۇ مۇسۇلمان ئىكەن.

يەنە ئىلىدىن كەلگەن بىر قىسىم مانجۇلارمۇ بولۇپ، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدە ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. چيەنلۇڭ خان ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا نۇرغۇن يەرلەرنى بۆلۈپ بەرگەنىكەن، ئۇلار ئىلىدا ئەڭ كۆپ ئىكەن، شۇڭا سەككىز تۇغلۇق مانجۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا قارىغاندا ئىلىدا ئەڭ جىق ئىكەن، جۇڭغار دالىسىدىمۇ ئۇلارنىڭ قالدۇق ئەۋلادلىرى بار ئىكەن.

# ئىككىنچى باب

## تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۈرۈمچىگە بېرىش

### 1. شەنشىلىك سودىگەرلەر

بۇ ۋاقىتتا ياز كىرىپ قالغانىدى، قۇمۇلنىڭ ھاۋاسى ھەقىقەتەنمۇ ئىسسىق ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەڭرىتاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ھاۋا سەل سالقىن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئىسسىققا قارىماي ئۈرۈمچىگە بارماقچى بولدۇق.

قۇمۇلدىن غەربكە مېڭىشتا، جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دېيىلىدىغان ئىككى چوڭ يول بار ئىكەن. جەنۇبىي يول قۇمۇلدىن باشلىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ كۇچا ۋە ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە بارىدىكەن؛ شىمالىي يول بولسا تەڭرىتاغدىن ھالقىپ، شىمالنى بويلاپ ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىلىغا بارىدىكەن. بىز ئۆلكە مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغاچقا، شىمالىي يول بىلەن ماڭدۇق.

يولۇچىلارنىڭ نەزەرىدە جيۇچۈەندىن قۇمۇلغىچە بولغان يول ئەڭ مۇشەققەتلىك يول بولسا، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان يول ھەم جاپالىق، ھەم ئوڭاي يول ئىكەن. بىز بۇ ۋاقىتتا سۈيى تۈزلۈق قۇملۇق يوللارنى ئاللىقاچان بېسىپ بولغانىدۇق، ئەمدى ئالدىمىزدىكى بىپايان دالىدا تاتلىق سۇلۇق قۇدۇقلار ۋە ئېقىنلار بار ئىدى.

ئالدىمىزدا ئۈچ ئۆتەڭ بولۇپ، ئۇلار «باش قورغان»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئوتتۇرا قورغان» ۋە «ئاستانە» دېيىلىدىكەن. بىز 11 سائەت مېڭىپ، ئاران ئوتتۇرا قورغانغا يېتىپ بارالىدۇق. ئادەملەرمۇ، ئات ـ ئۇلاغلارمۇ ئىنتايىن چارچاپ كەتكەچكە، توختاپ ئارام ئالدۇق. ئوتتۇرا قورغان مەنزىرىسى ئادەمنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدىغان جاي بولۇپ، كىچىك ئېقىنلار شوخ ئېقىپ تۇرىدىكەن، يېزا ـ كەنتلەرمۇ قۇمۇلنىڭ جەنۇبىغا قارىغاندا كۆپ ئىكەن، باغلارنىڭ تاملىرىدىن پىشايدەپ قالغان ئالمىلار ساڭگىلاپ تۇرغان، ھاۋاسى ئادەمگە ئاجايىپ ھوزۇر بېغىشلايدىكەن.

بىز ئەمدىلا يېتىپ تۇرۇشىمىزغا بىر توپ يولۇچىلارنىڭ سۆرەن ـ شاۋقۇنلىرىدىن ئويغىنىپ كەتتۇق. ئۇلار شەنشى ئۆلكىسىدىن كەلگەن سودىگەرلەر بولۇپ، چىتەي (گوچوڭ) گە ماڭغانىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىتەيدىكى بىر دۇكاننىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇپ، خوجايىنى بىلەن ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم يۇرتىغا بېرىپ تۇغقان يوقلاپ كېلىش توغرۇلۇق توختاملاشقانىكەن. ئۇلار يۇرتلىرىغا قايتىپ بارغاندا، ھارۋىلىرىنى لىق مال بىلەن تولدۇرۇپ نۇرغۇن پۇل ـ پۇچەك بىلەن بارسىمۇ، ئەمما يۇرتداشلىرى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، «ئۇلار ‹قوۋۇق سىرتى› غا بېيىغىلى كەتكەنىدى، يەنىلا شۇ قۇرۇق قول پېتى قايتىپ كەپتۇ» دېيىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئانچە ـ مۇنچە بېيىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن غورىگىل ئىكەن. ئۇلار يىراق شىنجاڭغا كېلىپ ياللىنىپ ئىشلىسىمۇ، ئۆيىدە قالغان ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ـ بالىلىرى ئۇلارغا تايىنىدىغان، بەش يىل ئىچىدە تاپىدىغىنىمۇ چەكلىك بولغاچقا، بىرەر تىيىن پۇلنىمۇ تېجەپ ئۆيىگە ئاپىرىش ئۈچۈن يۇرتىغا قايتىدىغان ۋاقىتتا، ھەتتا نەچچە مىڭ چاقىرىم يولنىمۇ پىيادە باسىدىكەن. ئۆيىدىن چىققاندا يەنە «قوۋۇق سىرتىغا بېرىپ بېيىپ كېلىش» ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ئېلىپلا ماڭىدىكەن.

ئۇلار جەمئىي 18 كىشى بولۇپ، ھەممىسىلا ياش يىگىتلەر،

تېخى بىرى 15 ياشلىق بالا ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرلا قېچىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭغا ئاددىي يۇك ـ تاقلىرىنى ئارتىپ، ئۇستىگە ھېلىقى بالىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. قالغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇرىسىدە بىردىن ئەپكەش، ئىككى ئۇچىدا بىردىن سېۋەت بار، بىرىگە كىيىم ـ كېچەك، يەنە بىرىگە ئۇن ۋە قاچا ـ قۇچىلار سېلىنغانىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا، يولدا سۇ ئېلىشقا ئىشلىتىدىغان بىر كىچىك كومزەك ئېسىۋالغانىكەن.

ئۇلار 70 كۈندەك ماڭغانىكەن، شەنشىنىڭ غەربىي شىمالىنى ئايلىنىپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ لەنجۇغا كېلىپ، ئاندىن «يايلاق يولى» بىلەن ئۇدۇل ئەنشى ئارقىلىق قۇمۇلغا كەلگەنىكەن. يولىمىز ئوخشاش بولغاچقا، بىز ئۇلار بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇپ كەتتۇق.

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆيىگە قايتىدىغان ۋاقىتتا خوجايىنى ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە يول خىراجىتى ئۈچۈن 18 يۈەنلا بەرگەنىكەن، ئۇلار يول بويى شۇنداق ئىقتىسادچىللىق بىلەن تېز مېڭىپ، بۇ پۇلنى ئۆيىگە بارغۇچە يەتكۈزۈپتۇ. يۇرتىغا قايتىدىغان چاغدا يولخېتى ئېلىۋالغاچقا، شىڭشىڭشىيادىن ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئۇلار غەربىي شىمالدا فېڭ يۈشياڭنىڭ قوشۇنلىرىدىن ئەڭ رازى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، فېڭ يۈشياڭ غەربىي شىمالدىكى ۋاقىتتا، يولدا يولۇچىلارغا چېقىلىشنى قاتتىق چەكلىگەچكە، بىرەر ئېشەكنىڭ بۇلىنىپ كېتىشىگىمۇ يول قويمايدىكەن. فېڭ يۈشياڭنىڭ ئوفىتسېرلىرىمۇ دائىم قول ئاستىدىكىلەرگە: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالال سودىگەرلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يول باسىدۇ. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈك، ئات ـ ئۇلاغ ھەرقانداق نەرسىلىرىگە چېقىلىشقا بولمايدۇ» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرىدىكەن. شۇ ۋاقىتلاردا، سەپەر قىلىش ھەقىقەتەن ئوبدان ئىكەن.

ئۇلار دائىم: «مانا شۇلارنىلا جۇڭگونىڭ ئەسكەرلىرى دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىش كېرەك» دەپ ئۇلارنى بىزگە ماختاپ بېرەتتى. لېكىن،
شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ
ياخشى ئىكەن.

## 2. ئاتەش ئويمانلىق — ئاستانە

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاستانىگە يېتىپ كەلدۇق، بۇ بىر ئاتەش
ئويمانلىق بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرغان، دەڭلىرد-
مۇ كىچىك، ئىسسىقتا چىدىغىلى بولمايدىكەن. پاشا - چىۋىنلەر-
نىڭ كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى
ئېتىپ قويمىسا بولمىغاچقا، ئۆي ئىچى تېخىمۇ ئىسسىپ كەتكەن-
نىڭ ئۈستىگە، ئىنتايىن قاراڭغۇلىشىپ كېتىدىكەن.

بىز ئەمدى ئارام ئېلىپ تۇرۇشىمىزغا، توساتتىن سىرتتا
تۆگىنىڭ كولدۇرما ئاۋازى ئاڭلاندى، قارىساق تەخمىنەن 60 ~ 70
تۆگىلىك بىر كارۋان دەريادىن ئۆتۈۋاتقانىكەن. دەريانىڭ ئىككى
تەرىپى چوڭقۇر پاتقاقلىق ھەم يانتۇلۇق بولغاچقا، كالانپاي تۆگى-
لەر ناھايىتى تەستە ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇلار قۇملۇقتا مېڭىشقىلا ئادەت-
لەنگەن ھەم قۇملۇقتا مېڭىشقىلا يارالغان بولسا كېرەك، پاتقاق-
لىق دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا پات - پاتلا مۇدۇرۇپ كېتەتتى. تۆگە
ھەيدەپ ماڭغىنى باركۆللۇك[1] بولۇپ، بۇرۇندىن تارتىپ ئاسا-
سەن تۆگە يېتىلەپ جان باقىدىكەن.

ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەنمۇ قاۋۇل كېلىدىكەن ھەم ئېغىرچىلىققا
چىدايدىغان قەيسەر خاراكتېرنى يېتىلدۇرگەنىكەن، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ خېلى
ياخشىلىقىدىن بولسا كېرەك. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا،
ئۇلار يەنە دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئاسانلا ئۇمىدسىزلىنىپ چۈشكۈن-

---

① «باركۆللۇك» — باركۆلدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

لىشىپ قالىدىكەن. بېشىغا ھېچقانچە كۆن چۈشمىسىمۇ، سەللا غەمكىنلىشىپ قالسا، ئۆزۈنغىچە ئۆزىنى رۇسلىۋالالمايدىكەن.

## 3. ئۆردەكبۇلاقتىكى «تىرىك قۇدۇق»

ئىككىنچى كۆنى سەھەردە ئۆردەكبۇلاق ( 鸭子泉 ) قا يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ، بىر «تىرىك بۇلاق» بار ئىكەن. سۇ قۇملۇق يەرنىڭ تېگىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، توختىماستىن بۇلدۇقلاپ تۇرىدىكەن. بەزىدە خېلى ئۇزۇنغىچە توختىمايدىكەن. بۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇرۇم — تۇرۇم قۇملارمۇ سۇ يۈزىگە ئۆرلەپ، يەنە ناھايىتى تېزلا ئاستا — ئاستا يېيىلىپ تۆگەيدىكەن.

بۇ مۇنبەت يەرنى سۇغىرىدىغان سۇ قۇمۇلنىڭ سۇيى بىلەن بىر مەنبەدىن كېلىدىغان بولۇپ، تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىن ئېرىپ كەلگەن قار سۇلىرى ئىكەن. ئەمما، بۇنداق تاغ چوققىسىدىكى ئېرىگەن قارلاردىن ھاسىل بولغان ئېقىنلار ھەممىشە يولۇچىلارنى ئالداپ قويىدىكەن، دائىملا يېرىم يولدا قۇم، شېغىللىق يەرلەردە تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىپ، باشقا بىر جايدا ئۆردەكبۇلاقتا ئوخشاش تىرىك بۇلاقلارنى ياكى پەس يەرلەردە سۇيى قىرتاقراق قۇدۇقلارنى ھاسىل قىلىدىكەن.

قۇمۇل شەھىرىدىكى چوڭ مەسچىت ئىمامىنىڭ بۇ گۈزەل جايدا بىر چۇشكۇنى بولۇپ، مەخسۇس ئادەملەر قارايدىكەن، ئىمام ئۆزى ئۆتكەن — كەچكەندىلا قونۇپ ئۆتىدىكەن، سارايىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ خاس مەسچىتى بولۇپ، مۇقەددەس جاي بولغان مەككىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىكەن. مۇسۇلمانلار ئادەتتە مەككىگە بېرىشنى ئۇلۇغ بىلىدىكەن. ساراي پۈتۈنلەي لاي بىلەن قوپۇرۇلغان، سىرتقى تېمى گەجلەنگەن بولۇپ، خۇددى ئوردا — قەسىرلەرگە ئوخشايدىكەن.

## 4. بوغدا تېغىنىڭ دەھشەتلىك قارا بورىنى

ئۆردەكبۇلاقتىن چىققاندىن كېيىن، بىز بىر ئۇزۇن ھەم گىياھسىز ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاغ يولىنى بويلاپ ئون نەچچە سائەتتەك مېڭىپ، كۈن ئولتۇرغاندا، ئاندىن بىر يالغۇز دەڭگە يېتىپ كەلدۇق. ھازىر، نەچچە كۈندىن بۇيانقى ماڭغان يولىمىز-نى ھېسابلىغاندا، بىز ئالىلقاچان بوغدا تېغىنىڭ ئېتىكىگە يېقىن-لىشىپ قالغانىدۇق①. تاغدا قۇلان ۋە ياۋا ئاتلار بولۇپ، ئۇلار شاش ھەم يامانلىقى بىلەن داڭلىق ئىكەن.

بىزنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان يېرىمىز 5500 چى ئېگىزلىكتى-كى بىر قاقاس ئېگىزلىك بولۇپ، جەنۇب تەرەپتىكى پەس يەرلەر-گە نەزەر تاشلىغاندا، تۇرپانغا كېتىدىغان چوڭ يولنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ بىر قەدىمىي يول بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن خەتەر-لىك، كارۋانلارنىڭ مېڭىشى تەس، دەھشەتلىك تاغ بورىنى ئادەم، ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلارنى قۇمغا كۆمۈۋېتىدىغان ياكى نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كېتىدىغانلىقتىن، ھازىر تاشلىنىپ قالغانىكەن. دەڭ ئىگىسى بىزگە بىر جاينى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەر «ئۇچئۆي» دېيىلىدىكەن، ئىلگىرى لىق كۆمۈش باسقان 18 ھارۋىلىق ئادەم بۇ يەردە قارا بوراندا قېلىپ ئىز ـ دېرەكسىز غايىپ بولغانىكەن.

بۇ يالغۇز ھەم جىمجىت دەڭدىن چىققاندىن كېيىن، بىز يولدا بۇرۇن كۆرگىنىمىزگە ئوخشاشمايدىغان يوغان بىر كەسلەن-چۈكنى كۆردۇق، ئۇ تەخمىنەن بىر يېرىم چى ئۇزۇنلۇقتا بو-لۇپ، ئىنتايىن تېز ئۆمىلەيدىكەن، ھارۋىكەشلەر قامچىلىرنى

① بوغدا تېغى — تەڭرىتاغنى كۆرسىتىدۇ.

ئېلىپ قوغلاپ باققان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە تۇتالماي يېنىپ كەلدى.

ئالدىمىزدىكىسى يەنىلا دۆڭ ھەم تار، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاغ يولى، ئىككى تەرىپى ئۆچكەن يانارتاغدىن ھاسىل بولغان قىيپاش تۆپىلىك ئىدى. نەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن چاققورغانغا يېتىپ كەلدۇق. بۇمۇ بىر قاقاس جاي بولۇپ، ئۇچلا دەك بار ئىكەن، ئىككىسى ئىنتايىن ۋەيرانە، بىرى ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغانىكەن. ئۆيلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ ئۇستى ئوچۇق، بەزىسىنىڭ تاملىرى تۆشۈك، زېرىكىشلىك ھەم ناچار مۇھىتتا كېيىمىز تېخىمۇ ئۇچتى.

مەھەللىنىڭ ئالدى تەرىپىدە قارا بوراننى توسۇپ تۇرىدىغان ئىككى تاغ ئارىسىدىكى جىلغا ئېغىزى بولۇپ، قىيا تاشلاردىكى بوران ئويۇۋەتكەن كامارلاردا قۇشلار ئۇۋا تۇتۇۋالغانىكەن. غەربىي شىمال بورىنىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئىنتايىن دەھشەتلىك ئىكەن، بۇ بىز كۆرگەن ئەڭ ھەيران قالارلىق ئەھۋاللارنىڭ بىرى ئىدى.

## 5 . قەدىمي يۇلغۇنلۇق

ھارۋىكەشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا بىر موڭغۇل يىگىت بولۇپ، دائىم مۇگدەپ ئولتۇراتتى. يولدا ئارام ئالغاندا، ئاتلارغا قاراۋېتىپمۇ مۇگدەيتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر توپ ئات ئوغرىلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپتا چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەتەي ئاتنىڭ ئۇستىدە ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئۇ كىچىكىدىن ئات مىنىپ كۆنگەن بولغاچقا، ئات مىنىشكە ئۇستا ئىدى.

قاش قارايغاندا، بىز يەنە يولغا چىقتۇق. تۈز كەتكەن بىر يولنى بويلاپ تۆت سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، بىر تۈزلەڭلىككە كېلىپ قالدۇق. ئالدى تەرەپ 50 ~ 60 چاقىرىمدەك كېلىدىغان قۇملۇق ئويمانلىق بولۇپ، سەل تۆۋىنىدىرەك بىر يۇلغۇنلۇق

www.uyghurkitap.com

دۆڭ بار ئىكەن. يۇلغۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئېگىزلىكى 20 چىدەك كېلىدىكەن، ھەربىر توپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە ئېگىز قۇم بارخىنى بار ئىكەن. بوران نەلەردىندۇر قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كې- لىپ شۇ يەرگە دۆۋىلەپ قويىدىكەن. يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىدا ئىس- مىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر خىل غەلىتە دەرەخ بولۇپ، شاخ- لىرى يۈگىمەچ، قوۋزاقلىرى كۆل رەڭ ھەم يېرىلىپ كەتكەن، پەيگە ئوخشاش يوپۇرماقلىرى ياپىپشىل، مېۋىسى ئۇزۇنچاق ھەم ئاچ قىزىل رەڭدە ئىكەن. بىز بۇنداق دەرەخنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ئۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ دەرەخلەرنىڭ بىر خىلى بولسا كېرەك.

بۇ يۇلغۇنلار پەرەز قىلىشىمىزچە 500 يىلدىن 1000 يىلغى- چە مۇشۇ يەردە ياشناپ تۇرغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ يېنىدا قاتار كەتكەن ئاقتېرەكلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللىقاچان قۇرۇپ قاپتۇ. قاغجىراپ كەتكەن غولى ئەتراپنى تېخىمۇ قاقاس كۆرسىتىپ تۇراتتى.

## 6. يەتتىقۇدۇق

يەتتىقۇدۇق — قۇملۇق ئويمانلىقتا جايلاشقان مۇھىم جاي بولۇپ، قۇمۇلدىن غەربتە چىتەيگە، جەنۇبتا تۇرپانغا كېتىدىغان ئىككى چوڭ يول مۇشۇ يەردە ئايرىلىدىكەن. تېلېگراف سىملىرى- مۇ مۇشۇ يەردىن ئەگىلىپ تۇرپانغا، ئاندىن ئۈرۈمچىگە تۇتىشىپ كېتىدىكەن. بىزدەرھاللا قۇمۇلدىن چىتەيگە كېتىدىغان چوڭ يولغا بۇرۇلدۇق.

تۇرپان كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدىغان جاي ئىكەن. بىز كۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلىغان بولساقمۇ، ئەمما بىرىنچىدىن، ھاۋا بەك ئىسسىق بولغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، ئەگىلىپ ماڭغاندا يول بەك ئۇزىراپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، كېيىن پۇرسەت بولغان- دا كۆرۈشنى ئويلاپ، بولدى قىلدۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،

تۇرپاننىڭ يەر شەكلى ئىنتايىن پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 200 چې تۆۋەن ئىكەن. ھازىر تېرىقچىلىقنىڭ ئەڭ ئوبدان مەزگىلى بولسىمۇ، ئۇ يەرنىڭ ئوتتەك ئىسسىقىغا ئادەم چىدىيالمايدىغان بولغاچقا، ئاھالىلەر ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، كۈن چىققاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغۇچە ھېچ ئىش قىلماي، يەر ئاستىدىكى گەمىلەردە سالقىنداپ ياتىدىكەن.

يەتتىقۇدۇقتا ئەتراپتىكى باشقا ھەرقانداق جايغا قارىغاندا ئو- تۇن ـ ياغاچ كۆپ چىقىدىكەن. شۇڭا، قىش كېلىشى بىلەنلا ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئادەملەر ئاۋۇپ كېتىدى- كەن، بۇ يەردە ئەڭ ياخشى ئوتۇن يۇلغۇن كۆتىكى بولۇپ، قارامتۇل ھەم قاتتىق بولىدىكەن. ئۇششاق كەسلەپ ئاپتاپقا سې- لىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن كۆيدۈرسە، كۆمۈرگە ئوخشاش ئىنتا- يىن ئوبدان كۆيىدىكەن، قۇملۇقتا ئۆسىدىغان باشقا چاتقاللار ھەم ئۆلارنىڭ كۆتەكلىرىنىمۇ ئوتۇن ئورنىدا قالىغىلى بولىدىكەن، ئەمما ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، كۆپ قىسىم ئاھالىلەر قىشتا يەنىلا ئۆلاغلارنىڭ تېزىكىنى يېقىلغۇ قىلىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە كالا تېزىكى ئەڭ ياخشى بولۇپ، ئاسان قۇرۇيدىكەن ھەم ئوبدانلا ئىسسىق چىقىرىدىكەن.

## 7. خەتەرلىك تەڭرىتاغ ئېغىزى

يەتتىقۇدۇققا كەلگەندىن كېيىن، يەنە نەچچە چاقىرىم ماڭ- ساقلا تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىگە باراتتۇق. بىز جەنۇبتىن شىمالغا تەڭرىتاغنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، چىتەيگە ھەم ئۈرۈمچىگە بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. يەتتىقۇدۇقتا تۇرۇپ تەڭرىتاغنىڭ ئې- غىزىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. نەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كې- يىن، قىيالىق تاغ يولى تۇيۇقسىز ئەگىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر تار جىلغا ئېغىزىغا كەلدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېغىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن قارىساق، 100 چىدەك ئېگىز-
لىكتىكى قۇم دۆۋىسى كۆرۈندى. جىلغا ئىچى خېلىلا قاراڭغۇ
بولغاچقا، ھېچنېمىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىكەن، بىز ناھايى-
تى ئېھتىيات بىلەن ئەتراپقا قاراپ ماڭدۇق. قاپقارا تاغ تاشلىرى-
نىڭ ئارىسىدا بىر ئاراچ يول بولۇپ، تاغنى كېسىپ ئۆتكەندىن
كېيىن، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ تۈزلەڭلىكىگە چىققى-
لى بولىدىكەن.

بىز تار جىلغا ئىچىدە سەككىز - توققۇز سائەتتەك ماڭغاندىن
كېيىن، يول ئاستا - ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلىدى، بۇنى ئۆزىمىزمۇ
تۇيمايلا قاپتۇق. ئىككى تەرەپتە غايەت زور تىك ھەم تاقىر تاشلار
قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، باش ئۈستىمىزدىلا چوقچىيىپ
تۇراتتى. يەنە بىرنەچچە جايدا تىك يارلار بولۇپ، خۇددى چوڭ
مېتىن بىلەن ئويۇپ ياسىغاندەك يوغان كامارلىرى بار ئىكەن.

بىز كېتىۋېتىپ بىرنەچچە ئېغىزدىن ئۆتتۇق. ئىلگىرىكى
تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، ئالدىمىزدا چوقۇم ياكى يۇقىرى-
غا ئۆرلەيدىغان، ياكى تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىدىغان يول بولاتتى
ھەم بۇ يول تاغ شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرەتتى،
ئەمما بىز نەچچە سائەتلەپ ماڭغان بولساقمۇ، باشتىن - ئاخىر
بىر ئۇزۇن كەتكەن تار جىلغا ئىچىدىن چىقالمىدۇق. تاغنىڭ
ھەيۋەتلىكلىكى ۋە چوققىلىرىنىڭ خەتەرلىكلىكى ھەقىقەتەنمۇ ئا-
دەمنى ئەيمەندۈرەتتى. ئىككى تەرەپتىكى قىيالاردىن دومىلاپ چۈ-
شىدىغان تاشلار يولنى توسۇۋالغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئات -
ھارۋىلارنىڭ مېڭىشىنى قىيىنلاشتۇراتتى.

تۈن پەردىسى ئەتراپقا يېيىلغاندا، ئالدى تەرەپتە ھېچنېمىنى
كۆرگىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول تېخىمۇ ئەگرى - بۈگ-
رىلىشىپ، باشتىن - ئاخىر مۇشۇنداقتەكلا بىلىندى. خېلى
ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، بىز ئالدىمىزدىكى تۇمشۇقتىن ئۆتۈپ
چوقۇم بىر يېشىللىققا ياكى بولمىسا بىر تۈز دالىغا چىقىمىز دەپ

ئويلىدۇق. لېكىن، يول توساتتىن يەنە ئەگىلىپ، قايسى تەرەپكە ماڭدۇقكىنتاڭ، ئالدىمىزدا يەنە بىر تۇمشۇق پەيدا بولدى.

مۇشۇنداق مېڭىۋېرىپ، ئۆزىمىزنى خۇددى جۇگې لياڭنىڭ «سەككىز چاسا سېپى» ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق.

## 8. ئايدىڭدا تەگرىتاغدىن ئۆتۈش

بىز ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغان چاغدا، توساتتىن تولۇن ئاي ئاپئاق نۇرلىرىنى چاچتى، سۈتتەك ئايدىڭدا ئالدى تەرەپتە «باش سۇ» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىپ قويۇلغان بىر دەڭ كۆرۈندى. بىز بۇنىڭدىن ھەقىقەتەنمۇ خۇشال بولماي تۇرالمىدۇق.

بىر ئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئايدىڭدا يەنە ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىپ كەتتۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ تەگرىتاغ ئېغى-زىنى قىشتا قار توسۇۋالىدىغان بولۇپ، دەھشەتلىك شىۋىرغان تىك تاغ يوللىرىنى قارغا كۆمۈۋېتىدىكەن، يولۇچىلار تېپىلىپ چۈشۈپلا كەتسە، ھاياتىدىن ئايرىلىدىكەن. ھەر يىلى دېگۈدەك نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق پالاكەتكە ئۇچراپ جېنىدىن جۇدا بولىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردىن ئۆتىدىغان يولۇچىلار قىشتا تۇرپاندىن ئۆتىدىغان خەتەرلىك يول ئارقىلىق مېڭىشقا مەجبۇر بولىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىكەن. يەنە كېلىپ، بۇ قاقاس، گىياھسىز ھەم خەتەرلىك جىلغىدا كۆرگىلى بولىدىغان بىردىنبىر جانلىق پەقەت ئادەمنىڭ بېشى ئۈستىدە ئەگىپ يۈرىدى-غان يىرتقۇچ قۇشلارلا ئىكەن. دەڭدىكى بىر يولۇچىنىڭ دەپ بېرىشىچە، بىر قېتىم ئۇ جىلغىدىكى يولنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يەۋاتقاندا، بىر سار ئۇنىڭ ئالدىدىن لىپلا قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، قارىسا قولىدىكى مانتا يوق تۇرغۇدەك، ھېلىقى سار مانتىنى قارماپ ئاللىقاچان ئاسمانغا ئاچىقىپ كەتكەنىكەن.

ئەمدى ئالدىمىزدىكى مەنزىل چوڭ تاش ئىدى.

www.uyghurkitap.com

چوڭ يول مۇشۇ يەرگە كەلگەندە جۇڭغار ئويمانلىقىغا رەسمىي تۇتىشىپ كېتىدىكەن. بىز پەسكە سوزۇلۇپ كەتكەن ئېگىز - پەس يانتۇ يول بىلەن مېڭىپ يەنە بىر دۆڭلۈككە چىققان ۋاقتىمىزدا، بىرنەچچە جايدا گرانىت تاشلىق تۈز تۆپىلىك بار ئويمانلىق كۆرۈندى، ئەمدى كۆز ئالدىمىزدا بارا - بارا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى كۆرۈنمەكتە ئىدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئوت - چۆپلەرمۇ ئۆسمەيدىغان، تاش - شېغىللىق مەنزىرىنىڭ ئەكسىچە، بۇ يەر بۈككىدە ئورمانلىق ئىكەن. داللىرمۇ پاكار ئوت - چۆپلەر ۋە چاتقاللار بىلەن قاپلانغانىكەن.

چوڭ تاشنىڭ دائىرىسى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدىغان بولۇپ، ئۇ جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چوڭ تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە جايلاشقانىكەن. يەتتىنچىقۇدۇقتىنمۇ ئۇدۇل جېنشى ① غا بارىدىغان بىر چوڭ يول بولۇپ، يەنە بىر ئۇدۇل يول بىلەن قاتمۇ قات تاغلاردىن ئۆتسە تۇرپانغا بارغىلى بولىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئۇلاستايغا بارىدىغان بىر يول بولۇپ، پىيادە 50 كۈن ماڭسىلا يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن.

چوڭ تاش ئەتراپىدا بىرنەچچە دەڭ بولۇپ، سول تەرەپتىكى چوڭ بۇتخانىنىڭ ئىچىدە بىر بۇلاق ۋە بىر قۇدۇق بار ئىكەن، سۈيى ئىنتايىن تاتلىق بولسىمۇ، بەك لاي ئىكەن.

## 9. تۈن نىسپىدە مورىغا بېرىش

چوڭ تاشتىن بىر تۈز يولنى بويلاپ مېڭىپ، ئۈچ بۇلاق بار جايدىن ئۆتكەندىن كېيىن مورى ② غا يېتىپ كەلدۇق.

بىز مورىغا بارغان ۋاقىتتا دەل يېرىم كېچە بولغان بولغاچقا،

---

① جېنشى ( 镇西 ) — ھازىرقى شىنجاڭنىڭ باركۆل ناھىيىسى.
② مورى — ھازىرقى شىنجاڭنىڭ مورى ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرى.

دۇكان ـ سارايلار ئاللىقاچان تاقالغانىكەن. كوچا ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى لەمپىلەرنىڭ ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان ياكى ئۇخلاۋاتقان سودىگەرلەرنى كۆردۇق. ئۇلار ئېھتىمال ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ئىسسىققا چىدىيالماي سىرتقا چىقىپ ياتقان بولسا كېرەك.

بىز بىر سارايغا كىردۇق، سارايىنىڭ سەيناسىمۇ ئوخشاشلا ئۇخلاپ ياتقانلار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. خوجايىن بىزنى ئىنتايىن قىزغىن كۇتۇۋېلىپ:

— سالقىن ئۆيلەرمۇ خېلى كۆپ، خالىغانچە تاللىۋالساڭلار بولىدۇ، ئەمما بۇنداق ئىسسىقتا، مېھمانلار ئۆيىنىڭ ئىچىدە يېتىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ، — دېدى.

بىز بىر سالقىن ئۆيگە ئورۇنلاشتۇق، ھېلىقى ياش موڭغۇل ھارۋىكەشىمىز نەدىن تاپقانكىن، بىر ئوچۇم تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، ئۆزى كىچىك ھەم ئۇرۇقى يوق، تەمى ئىنتايىن تاتلىق ئىكەن. بىز بۇنىڭغا ئېغىز تەگكەنلىكىمىزدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق، چۈنكى قۇمۇلدىن چىققاندىن بۇيان، بىز پەقەتلا مېۋە تەمى تېتىپ باقمىغانىدۇق.

ئۇخلاشقا ياتقاندىن كېيىن، ئوغرىلاردىن ئېھتىيات قىلىپ، بىر تال شام ياندۇرۇپ قويدۇق. ئەمما، يامان يېرى، سېسىق قۇرتلار لەمپىدىن، سۇپىنىڭ بۇرجىكىدىن، تېخى يەنە تورۇستىن ئۆمىلەپ كېلىپ بىزنى بوزەك قىلغىلى تۇردى. ھېلىمۇ ياخشى قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاپ كەتتۇق. لېكىن، ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا شۇنداق قارىساق، سېسىق قۇرتلار يوقالغان بولسىمۇ، تاملارغا پۈتۈنلەي پاسكىنا چېۋىنلەر قونۇۋاپتۇ. قورققىنىمىزدىن تەنلىرىمىز شۈركۈنۈپ، يەنە ئۇخلاۋېرىشكە رايىمىز بارمىدى.

مورى گەرچە كىچىك بازار بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردا ناھىيە بازىرىغا ئۆزگەرتىلگەنىكەن، شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا بىر

www.uyghurkitap.com

كەڭ دەريا بولۇپ، سۈيى ئىنتايىن ئىتتىك، ئۈستىدە بىر ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىكەن. شەھەر ئاھالىلىرى توپ - توپ بولۇپ دەريا بويىغا كېلىپ سالقىندايدىكەن ھەم ئۇلاغلىرىنى دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ئاپىرىپ يۇيۇپ سۇغىرىدىكەن. شەھەر ئەتراپىدىكى يەرلەر ئاللىقاچان ئېچىلىشقا باشلىغان بولۇپ، تېرىلغىلى بولىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن كەڭ، سۇغىرىشمۇ ناھايىتى ئەپلىك ئىكەن. ھەممىلا يەر گۈللىنىش، جانلىنىش مەنزىرىسىگە تولغانىكەن.

شەھەر كوچىلىرىدا، بەزىدە ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ ماڭغان توپ - توپ ئۇيغۇر سېتىقچىلار ئۇچراپ قالىدىكەن، ئېشەككە ئارتىلغان سېۋەتتە ساتقىلى ئەكەلگەن تورپان ئۈزۈملىرى بولۇپ، ئانچە پىششىپ كەتمىگەن يوغان قارامتۇل ئۈزۈملەر، ئاقۇچ ئۈزۈملەر بار ئىكەن. ئەڭ كۆپى بىر خىل ئۇرۇقى يوق كىچىك ئۈزۈم بولۇپ، باھاسىمۇ ھەممىدىن ئەرزان ئىكەن. داڭلىق تورپان قۇرۇق كىشمىش ئۈزۈمى مۇشۇ خىل ئۈزۈمدىن قۇرۇتۇلىدىكەن.

مورى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسى ئىچىدە بىر قىزىل بۇغا بار ئىكەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يېقىن ئەتراپتىكى دالىدىن تۇتۇۋېلىنغانىكەن. تۇتۇۋېلىنغان چاغدا كىچىك بولسىمۇ، ھازىر چوڭىيىپ كېتىپتۇ. بېرىپ قارىساق، دەرۋەقە ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزىل بۇغا ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ ھايۋان ئىكەن، شەھەردىكى دورا دۇكانلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغىمۇ بۇغا مۈڭگۈزى زىننەت ئورنىدا ئېسىپ قويۇلغان، بەزىلىرى ئىنتايىن چىرايلىق ھەم تولىمۇ ئېسىل ئىكەن.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، توساتتىن تەڭرىتاغنىڭ ئۈستىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، ھاۋانىڭ ئەپتى ئىنتايىن ئوساللىشىپ

كەتتى. ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تاغدا قاتتىق
بوران ـ چاپقۇن بولىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەن. ئەمما، خېلى
بىر هازاغىچە بىرەر تامچىمۇ يامغۇر ياغمىدى، لېكىن ئۇزاق
ئۆتمەيلا شىددەتلىك بوران يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، قاتتىق يامغۇر
چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىپ كەتتى.
سارايىنىڭ ئىچىدىمۇ شۇنىڭ بىلەن دەرهاللا بىر كىچىك
ئېقىن هاسىل بولۇپ، ئەخلەت ـ چاۋارلار سۇ بىلەن بىللە
ئاققىلى تۇردى. چوشقىلار بولسا يەرنى تىلغاپ هەريان چېپىشات-
تى، هويلىنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە پەقەتلا ئۆتكىلى بول-
مايتتى. غەربىي شىمالنىڭ بوران ـ يامغۇرلىرىنىڭ بۇنداق دەه-
شەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر هەرگىزمۇ
تەسەۋۋۇر قىلالمايدىكەن.

## 10. خارابىلىككە ئايلانغان كونا شەهەر

كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن هاۋا ئېچىلىپ كەتتى، شۇنىڭ
بىلەن بىز يولغا چىقىشقا تەييارلاندۇق. يولغا چىقىدىغان چاغدا،
سارايدىكى بىر قانچە شەنشىلىك يولۇچى بىزگە ئالايىتەن بىرنەچچە
تاختا كېسەك چاي بەردى. هەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر
چى، كەڭلىكى يېرىم چى، قېلىنلىقى ئۇچ ـ تۆت سۇڭ بولۇپ،
سىرتىغا ئورالغان قەغەزنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق نەقىشلەر چۈ-
شۈرۈلگەنىكەن. كېسەك چاي غەربىي شىمالنىڭ هەرقايسى جايلى-
رىدا ئىنتايىن كەڭ ئىشلىتىلسىمۇ، لېكىن تەمىنى ئانچە ياخشى
دەپ كەتكىلى بولمايدىكەن. ئازراق ئۇۋاپلا چۆگۈنگە سېلىپ قاي-
ناتسا، سۇزۇك چاي دەملىنىدىكەن. ئەمما رەڭگى بەكلا سۇس
هەم تەمسىز بولىدىكەن. سۇپىتى تېخىمۇ ناچارراقلىرىنى چاي
دۇكىنىدىكىلەر قېپقالغان چايلاردىن قۇرۇتۇپ ياسايدىكەن، بۇن-
داق چايلار تېخىمۇ تەمسىز بولىدىكەن. لېكىن، كېسەك چاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ياخشى يېرى، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ئىكەن.

يولدا ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بىز كونا چىتەي (كونا گۇچۇڭ) گە يېتىپ كەلدۇق. شەھەر پۈتۈنلەيلا بىر خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانىكەن، پەقەت قورغانغا ئوخشايدىغان سېپىل تاملىرىنىلا ساقلىنىپ قاپتۇ. بىز شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر كېچە تۈنىدۇق.

ئەتىسى يەنە يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن، موريدىكى ئاخشىمى چىققان قاتتىق بوران ـ چاپقۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى، پۈتۈن ئەتراپتا بوران ـ چاپقۇننىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان ئىزلار بولۇپ، بىرنەچچە كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ كەتكەن، نۇرغۇن يوغان دەرەخلەر يىلتىزىدىنلا قومۇرۇلۇپ كەتكەن، ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەر پۈتۈنلەيلا نابۇت بولۇپ كەتكەنىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، تېخى يەنە نۇرغۇن كالا، قويلارمۇ ئۆلگەنىكەن، بوران ـ چاپقۇن بولغاندا تاغدىن قىيان كېلىپ، كالا، قويلارنى قوتقۇزۇشقىمۇ ئۈلگۈرتمەي ئېقىتىپ كەتكەنىكەن.

## 11. غەربىي شىمالدىكى چوڭ شەھەرنىڭ بىرى — گۇچۇڭ

ئالدىمىزدىكىسى دەل گۇچۇڭ ئىدى. ئۇنىڭ يەر شەكلى قۇمۇلغا ئوخشاشمايدىكەن، ئەتراپىدا مۇنبەت تۇپراقلارمۇ يوق، پەقەتلا كەڭ كەتكەن دەل ـ دەرەخسىز قۇملۇق تۈزلەڭلىك بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىكەن.

بىز بوران ئۇشقىرتىپ تۇرىدىغان بىر داليدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇدۇللا گۇچۇڭغا كەلدۇق. شەھەر ناهايىتى چوڭ بولۇپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق غەربىي شىمالدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىكەن. كوچىلاردا دۇكانلار ئىنتايىن كۆپ، ئەي-

نەكلىك دېرىزىلىرىنىڭ ئىچىگە تۈرلۈك ماللار، جۈملىدىن چىنە - قاچا، ئىستاكان، قوشۇق، ئۇپا - ئەڭلىك، ئەتىرسو-پۇن، خىلمۇ خىل يىپەك توقۇلمىلار ھەم پاختا توقۇلمىلار، سائەت، ئاياللار ئىشلىتىدىغان چاچ قىسقۇچ قاتارلىقلار تىزىپ قويۇلغانىكەن. تىككۈچىلەر دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا كىيىم تىكىش ماشىنىلىرىنى تاقىلدىتىپ، ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئى-كەن. مۇسۇلمان ناۋايلار بولسا پەشخۇنلىرىغا قىزىرىپ پىشقان ئىسسىق نانلارنى تىزىۋەتكەنىكەن، دۆۋىلەپ قويۇلغان كۆكتاتلار قۇمۇلدىكىدىنمۇ بەكرەك يېڭى ھەم كۆپ ئىكەن. بىر كوچا پۈتۈن-لەيلا كۆن - خۇرۇم بازىرى بولۇپ، ئاجايىپ سىپتا ھەم چىرا-يلىق كۆن - خۇرۇم ماللار تىزىپ قويۇلغانىكەن. ئەمما، ئېي-تىشلارغا قارىغاندا، ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن، چۈنكى گۇچۇڭغا ئەزەلدىن ئېسىل خۇرۇم ماللار كەلتۈرۈلمەيدىكەن. يەنە بىر كوچىدا بولسا زەرگەرچىلىك دۇكانلىرى كۆپرەك ئىكەن. يەنە سۈرەت تارتىش دۇكانلىرى ۋە سائەت دۇكانلىرىمۇ بولۇپ، ھەم-مىسىلا ئۆز ئالدىغا ۋىۋىسكا ئېسىۋالغانىكەن.

قىسقىسى، پۈتكۈل دۇكانلار قايناق ھەم ئاۋات ئىكەن، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ دۇكانلىرى خەنزۇلارنىڭكىدىن ئاز بولۇپ، كۆلەم ۋە تىجارەت جەھەتتىمۇ خەنزۇلارنىڭكىگە يەتمەيدىكەن.

گۇچۇڭ بېيىپىڭدىن باشلىنىدىغان قۇملۇق سودا يولىنىڭ ئاخىرقى تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. بۇ يەردىن مېڭىپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ باۋتۇغا بارسىلا، بېيىپىڭ - سۈيىۋەن يولى ئارقىلىق ئۇدۇل بېيىپىڭغا بارغىلى بولىدىكەن. باۋتۇ بىلەن گۇچۇڭنىڭ ئارىلىقى 4000 ~ 5000 چاقىرىمدەك كېلىدىكەن، بۇرۇندىن تارتىپ تۆگە كارۋانلىرى غەربىي شىمالنىڭ قىممەتلىك ماللىرىنى ئېلىپ مۇشۇ يولنى بويلاپ قۇملۇقتا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغانىكەن. ئىلگىرى تۆگە كارۋانلىرى ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە ماڭغاندىلا، ئاندىن كۆزلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەن مەنزىلگە يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىغا قارىماي، بۇ يولدا داۋاملىق بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ئانچە ماگمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ دېيىشىچە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى بۇ يەردىكى بازارلاردا ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ ماللىرى ئەڭ ئەتىۋارلىق بولۇپ، كېيىن ياپون ماللىرى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغانىكەن. مىنگونىڭ 19 ~ 20 ـ يىللىرى (1931 ~ 1932 ـ يىللىرى) سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ماللىرى ياپون ماللىرىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، ھازىرغا قەدەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ ماللىرى سوۋېت ماللىرى بىلەن بەسلىشەلمەيدىكەن.

گۇچۇڭدا يېمەكلىكلەر ئىنتايىن ئېسىل ھەم مول بولۇپ، كالا سۈتى، مېۋە ـ چېۋە، تەملىك قاتلىما، پىشىشىق قوي گۆشى، ھەممە نەرسە بار ئىكەن. بىرنەچچە جايدا يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشخانىلىرى ۋە سارايلىرىمۇ بار ئىكەن. بىز بىر چوڭ مۇسۇلمان ئاشخانىسىغا كىرىپ غىزالاندۇق، تامىقى ئاجايىپ ئېسىل ھەم پاكىز بولۇپ، ئاۋۋال مىس تاۋاقتا لىق ئۇسۇلغان پولۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇ قوي گۆشى، سەۋزە، پىيازلارنى مايدا قورۇپ، ئاندىن گۈرۈچ، قۇرۇق ئۈزۈم سېلىپ، دورا ـ دەرمانلارنى قوشۇپ دۇملەپ ئەتكەن تاماق بولۇپ، ئۈستىگە تېخى سورلەنگەن توخۇ گۆشى بېسىلغانىكەن. يەنە يوغان نېپىز قاتلىما بىلەن مېۋە ـ چېۋىلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. باھاسى ئانچە قىممەت ئەمەس، تەمى باشقىچىلا لەززەتلىك ئىكەن.

يولدا بىز بىلەن سەپەرداش بولغان ھېلىقى شەنشىلىك سودىگەرلەر گۇچۇڭغا كېلىپلا دۇكانلىرىغا تاراپ كېتىشتى، كېيىن ئۇلار بىزنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇلارنى تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مۆتىۋەر سودىگەرلەردەك يۈز يا-سىنىۋېلىشقان، ئەپكەش كۆتۈرۈۋالغان يولدىكى ھالىتىدىن قىل-

چىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى.

جىۋچۇەندە، كۆپ سەپەر قىلغان بىر توپ كىشىلەر: «گۇ-چۇڭغا بارساڭلار، سەپەر جەريانىدىكى ئەڭ زېرىكىشلىك يولنى ئاخىرقى ھېسابتا بېسىپ بولغان بولىسىلەر» دېگەنىدى، ئۇلار-نىڭ ئىچىدىكى بىر ئۇرۇمچىلىك كىشى تېخى يەنە: «گۇچۇڭدىن ئۇرۇمچىگە بارغۇچە، غەربىي شىمالنىڭ بىر ئالاھىدە تېز ماڭىدى-غان ماشىنىسى بار، ئۇ بىر يېرىم كۇندە ئالتە ئۆتەڭ يولنى بېسىپ بولىدۇ، ھەرقانداق ئۇچقۇر ئاتتىن قېلىشمايدۇ» دېگەنىدى. ئەمما، بىز شىئەندىن يولغا چىققاندىن تارتىپ قۇملۇقلار ۋە خەتەرلىك يوللاردا ئىنتايىن مۇشەققەت ئىچىدە سەپەر قىلغاچ-قا، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالغانىدۇق. نۆۋەتتە، غەربىي شىمالدا ياخشىراق تاشيول بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق تېز ماڭىدىغان ماشىنىدا ماڭسا يولۇچىلارنىڭ چوقۇمكى جۇلۇقى چىقىپ كېتەتتى.

بىز گۇچۇڭ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقان ۋاقىتتا، تو-ساتتىنلا كىشىلەر غەرب تەرەپكە بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراپ كې-تىشتى. بىر پەس چاڭ ـ توزاندىن كېيىن، قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ كىشنەپ تۇرغان، پاچاقلىرى ئۇزۇن ئورۇق ئۇچ ئات قوشۇلغان بىر مەپە ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. مەپىكەش ھەدەپ قامچا بىلەن ئاتلارنى ساۋاپ تۇراتتى، مەپە شەھەر دەرۋاز-سىدىن كىرىپلا، چوڭ كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. مانا شۇ چاغدىلا بىز بۇ ئاتالمىش «ماشىنا» نى كۆردۇق. ئىچىدىكى ئىككى يولۇچى توختىماي ئالدى ـ كەينىگە چايقىلىپ ئولتۇرات-تى، ئېھتىمال باشلىرى قېيىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

بۇ خىل قاتناش قورالىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز شۈركۈ-نۈپ كەتتۇق، ئەگەر بىز ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ قالغان بولساق، چوقۇم باشلىرىمىز قېيىپ ساراڭ بولۇپ كېتەتتۇق. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇنداق هارۋىلار ئىلگىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھا-زىر ئازىيىپ كېتىپتۇ. ئەگەر تاشيول راۋانلاشسا، بۇ هارۋىلار-نىڭ شاللىنىپ كېتىشى ئېنىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 12. كۆككە تاقاشقان بوغدا چوققىسى

گۇچۇڭدىن چىققاندىن كېيىن، يولدا بىرەر ئاخشامۇ قونمىدۇق، ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولسىمۇ، ئۇلاغلار ئانچە ھالسىراپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يولدا ھەر ۋاقىت كىچىك دۇكانلار ۋە سارايلار ئۇچراپ تۇراتتى، بىز ھەرقاچان كىرىپ بىرەر نەرسە ئىچكەچ دېمىمىزنى ئېلىۋالساقمۇ، يەنە ئۇلاغلىرىمىزنىڭ قارنىنى ئوبدان تويدۇرۇۋالساقمۇ بولاتتى. چوڭراق شەھەر - بازار ئۇچراپ قالسا، بىرەر ئاخشام قونماقچى ئىدۇق. يول غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، تەڭرىتاغنى بويلاپ ئەگىلىپ بارىدىكەن. ئەمدىكى مەنزىلىمىز ئۈرۈمچى بولۇپ، ئۇ بىزگە تولىمۇ يىراقتەك تۇيۇلاتتى.

تەڭرىتاغنىڭ بۇ بۆلىكىدە ئەڭ ئېگىز بىر چوققا بولۇپ، «بوغدا چوققىسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. كىشىگە يىراقتىنلا ئىنتايىن ئېنىق كۆرۈنىدىكەن. چوققا تولىمۇ ئېگىز، خۇددى كۆك قەرىگە تاقىشىپ تۇرغاندەك بىلىنىدىكەن. چوققىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 مىڭ چى ئەتراپىدا بولۇپ، ئەتراپىدىكى باشقا چوققىلار بىلەن قوشۇلۇپ ئاجايىپ ھەيۋەت مەنزىرە ھاسىل قىلغانىكەن. گەرچە ئىلگىرى نۇرغۇن داڭلىق تاغ - دەريالارنى كۆرگەن بولسامۇ، ئەمما بۇنىڭغا قاراپ قايىللىقىمنى بىلدۈرەلمەي تۇرالمىدىم.

## 13. فۇيۈەن، سەنتەي ۋە فۇكاڭ

گۇچۇڭدىن چىقىپ تۇنجى ئاخشام فۇيۈەن ① دە قوندۇق.

① فۇيۈەن — ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار ناھىيىسى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا سەنتەيگە قاراپ يولغا چىقتۇق. يول بىر
يېشىللىقتا تۈتىشىپ كەتكەن بولۇپ، تەخمىنەن 300 چاقىرىمغىد-
چە ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغانىكەن. دەسلەپكى 40 ~ 50
چاقىرىم پۇتۇنلەيلا قوناقلىق بولۇپ، يانلىرىدا قومۇشلار ئۆس-
كەن، ئۈستى ياپيېشىل، مەنزىرىسى تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن.
تۆت ئەتراپ پۈتۈنلەيلا كەڭ كەتكەن مۇنبەت ئېتىز ئىكەن.
چۈش بولۇش بىلەنلا هاۋا قىزىپ، ئادەمنى بەك هالسىزلان-
دۇرۇۋېتەتتى. هارۋىكەشلەرمۇ بۇنىڭغا چىداپ بولالماي قېچىرلى-
رىنى هارۋىدىن بوشىتىپ دەم ئالدۇراتتى. بۇ بىزنى ئانچە -
مۇنچە بولسىمۇ هايۋانلارنىڭ خۇيىنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلدى. قېچىرلار بەك قامچا يەپ كەتسە، خۇيىمۇ ئۆزگە-
رىشكە باشلايدىكەن، يەنى قاشاڭلىشىپ قالىدىكەن. هارۋا سۆرەپ
كېتىۋاتقان بولسىمۇ، هېچنېمە سۆرىمەيۋاتقاندەك بەك ئاستا ما-
ڭىدىكەن، هارۋىكەشلەر بۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىنلا،
ئۇلارنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغانلىقىنى بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن،
ئۇلارنى بىردەم يورغا مېڭىشقا قويۇپ بېرىدىكەن، بۇمۇ ئۇنۇم
بەرمىسە هارۋىدىن بوشىتىپ مىنىپ خېلى ئۇزاق ئايلاندۇرۇپ،
ئوبدان يەم - بوغۇز بېرىپ، دۈمبىلىرىنى سىلاپ قويىدىكەن.
شۇندىلا قېچىر ئۆزىنى «ئىززەتلەۋاتقانلىقى» نى بىلىپ ئىلدام
مېڭىپ، هارۋىنىمۇ ئوبدان سۆرەيدىكەن.
قېچىرلار پۈتۈنلەي هارۋىكەشنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىكەن،
هارۋىكەشلەر دائىم «تېز چاپ، ئالدىمىزدا سۇ بار»، «دىر، ئوڭ
تەرەپ بىلەن ماڭ» ياكى «ئەگەر مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بول-
ساڭ، ئاخشاملىقتا دەڭگە چۈشكەندە جاجاڭنى بېرىمەن، تېرەڭنى
تەتۈر سويۇپ، گۆشۈڭنى شىلىۋالىمەن» دەپ قېچىرنى باشقۇرۇپ
ماڭىدىكەن، قېچىرلارمۇ خۇددى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندەك، خۇيى
تۇتۇپ قالمىسىلا، ئىنتايىن رايىشلىق بىلەن بويسۇنىدىكەن.
سەنتەيدە بىر كېچە قونغاندىن كېيىن، بىز يەنە يولغا چىقتۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇق. بىر سائەتتىن كېيىن سەنتەي كونا شەھىرىگە يېتىپ كەلـ-
دۇق. بۇ يەر ئالدىقاچان ئەسكى تاملىقتا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ،
تولىمۇ چۆلدەرەپ قاپتۇ. سەنتەي كونا شەھىرى چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىنى بىكار قىلغان مۇسۇلمانلار توپىلىڭىدا بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىغانىكەن، ئەينى چاغدا تۇڭگانلار گەنسۇنىڭ جەنۇبىدىن شىنـ-
جاڭغا بېسىپ كىرىپ، يول بويى ئوت قويۇپ، بۇلاپ ـ تالاپ،
بارغانلىكى يېرىدە خەنزۇلارنى قىرىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى تۈز-
لەپ، ئاياللار ھەم بالىلارنى ئولجا ھېسابىدا ئەكەتكەنىكەن، ھاـ
زىرمۇ ۋەيرانە ئۆيلەردىن بۇنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ-
كەن. بۇ يالغۇز تۇڭگانلارنىڭلا ئىشى بولماستىن، چىڭ سۇلالـ-
سىنىڭ بيۇروكرات ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمى كەلتۈرۈپ چىقارغان
ئېچىنىشلىق پاجىئە ئىدى.

فۇكاڭنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا، بىز خۇشاللىقىمىز-
دىن قىن ـ قىنىمىزغا سىغماي قالدۇق، چۈنكى يەنە بىر ئاخشامـ-
دىن كېيىنلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ باراتتۇق.

فۇكاڭدىن ئۆتۈپ گۇمۇدىغا يېتىپ كەلدۇق. گۇمۇدىنىڭ
ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 ~ 60 چاقىرىم بولۇپ،
ئىلگىرى بۇ يەر چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ماللىرى
بېقىلىدىغان جاي ئىكەن.

## 14. ئۈرۈمچىگە نەزەر

ئۇزاق ئۆتمەي، يىراقتىن ئۈرۈمچىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە
باشلىدى. شەھەرگە كىرىدىغان ۋاقتىمىزدا، قاراۋۇل ھەممىمىز-
نى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، توساتتىن يولدا بىر توپ لامانى
كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىمىزنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتتى. كېيىن
ئاڭلىساق، بۇ لامالار ئارىسىدا سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغانلار بار
ئىكەن، ئۇلار كېلىپ قالسا ھەپسىگە ئېلىنىپ، سوراق قىلىنىدى-

كەن. كېيىن بۇ ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۇقمىدۇق.
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كوچىلىرى ئىنتايىن رەتسىز، ئۇنىڭ
ئۈستىگە تار ھەم قىستا ـ قىستاڭ، ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى
ئاددىي ئۆيلەر ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھازىر يەنىلا يېڭى شىنجاڭ
ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئىكەن. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىنىڭ سىيا-
سىي، ھەربىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنىنىڭ مۇ-
ھىملىقى ئەلۋەتتە ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇملۇق ئىدى.
ئۈرۈمچى تۆت تەرەپكە تۇتاشقان چوڭ سودا يولىنىڭ مەركى-
زىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالغا سوزۇلغان يول ئۇدۇل تاشقى
موڭغۇلىيىگە تۇتىشىدىكەن، شەرققە سوزۇلغان يول قۇمۇلدىن
ئۆتۈپ گەنسۇغا تۇتىشىدىكەن، غەربكە سوزۇلغان يول ئىلى ئار-
قىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتىشىدىكەن. غەربىي جەنۇبقا سوزۇل-
غان يول قەشقەرگە تۇتىشىدىكەن. شۇڭا، ئۈرۈمچى تارىختىن
بۇيان ئەسكەر تارتىپ چىققانلار تالىشىدىغان مۇھىم جاي ئىكەن،
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى بىكار قىلغان مۇسۇلمانلار توپىلى-
ڭىدىمۇ ئۈرۈمچى مۇھىم بىر مەركەز بولغانىكەن.
ئۈرۈمچىنىڭ سۇ ئىنشائاتى ئىنتايىن ياخشى، يېرىدىن ھەر
خىل كۆمۈر ناھايىتى كۆپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇيى-
لەي (ماناس) بىلەن بولغان قاتنىشى ئىنتايىن قولاي بولۇپ،
دانلىق زىرائەتلەر، جۇملىدىن گۈرۈچ ئاساسەن سۇيلەيدىن كەلتۈ-
رۈلىدىكەن. يەنە تۇرپان بىلەن يېقىن بولۇپ، تۈرلۈك مېۋە ـ
چېۋىلەر ئاساسەن تۇرپاندىن كەلتۈرۈلىدىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى
تەرەپتىن ئاساسەن سانائەت مەھسۇلاتلىرى كىرگۈزۈلىدىكەن. ئۈ-
رۈمچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولسا گۈڭگۈرت
ئىكەن.
ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ھۆكۈ-
مەت جايلاشقان يەردە بىر مەيدان بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا،
نۇرغۇن چوڭ ئىمارەتلەر، يەنە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر دۇمباق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

راۋنقى بولۇپ، راۋاقنىڭ ئۇستىدىن پۈتۈن شەھەرنىڭ ۋە ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن قالسا ئەڭ ھەيۋەتلىكى يېڭى سېلىنىۋاتقان پوچتا ئىدارىسى بىناسى ئىكەن، شۇنداقلا پوچتا ئىشلىرىنىڭ بېجىرىلىشمۇ ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ياۋروپالىقلار ئاچقان خېلى كۆپ سودا سارايلىرى بار ئىكەن.

ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ تەركىبىدىن قارىغاندا، ئۈرۈمچىمۇ ھەرخىل ئىرقتىكىلەر مەركەزلەشكەن شەھەر ئىكەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە نۇرغۇن ئاق ئۇرۇسلار بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىگە بىر كونسۇلخانا تەسىس قىلغان بولۇپ، كونسۇلخانىنىڭ سەيناسىغا لېنىننىڭ مىس ھەيكىلىنى ئورنىتىشنى، شۇنداقلا ئەسلىدىكى سىلاۋيان چېركاۋىنى تىياتىرخانا قىلىپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى تەرىپىدىن رەت قىلىنغانىكەن. ئەمما، ھازىر بۇنداق ھالەت ئاللىقاچان كەلمەسكە كېتىپتۇ.



ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى دەڭ

ئۈرۈمچىنىڭ سودىسى ھازىر تولىمۇ گۈللەنگەن بولۇپ، ھەرقانداق ماللار ھەم سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىد-

لىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى «شىنجاڭ-نى قۇرۇش» شوئارى ئاستىدا شەھەر كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزگىرىد-ۋاتقان بولۇپ، بىر خىل يېڭى ئەيپىيات بارلىققا كېلىپتۇ، ھەممە بۇرۇنقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان تۈس ئاپتۇ، كونا ئۇرۇمچى ئاللىقاچان يوقىلىپتۇ دېيىشمۇ بولىدىكەن.

ئۇرۇمچىمۇ يازدا ئىنتايىن ئىسسىق بولىدىكەن. ئەڭ ياخشى ئۇسسۇلۇق يەنىلا ئاشۇ داڭلىق قۇمۇل قوغۇنى ئىكەن. شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر چوڭ دەريا بولۇپ، ئېقىنى تولىمۇ تېز، يېنىدىكى بىر ھەيۋەتلىك قىيالىق ئۈستىدە بىر مۇنار، ئەتراپىدا يەنە بىر چوڭ باغچە بار ئىكەن، بۇ جاي ھەقىقەتەنمۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سالقىندايدىغان ياخشى ئارامگاھى ئىكەن.

بۇ شەھەرمۇ ئاتلىقلار كۆپ شەھەر بولۇپ، موڭغۇللار، قازاقلار ھەم تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسىلا ئاجايىپ ئۇستا چەۋەنداز-لاردىن ئىكەن، بىراق ئۇلارنىڭ ئات مىنگەندىكى چېۋەرلىكى ۋە قىياپىتى ئوخشاشمايدىكەن. شۇنداقتىمۇ ھەممىسىلا كۆندۈرۈلگەن ئاساۋ ئاتلارنى مىنىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇلار شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىدىن ئۇچقاندەك چېپىپ ئۆتكەندە، پىيادىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كېتىدىكەن، رۇسىيە ۋە سىبىرىيە ئاتلىرىنىڭ رەڭگى ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئېگىز ھەم قاۋۇل كېلىدىكەن.

قازاقلار تۈز ھەم ساددا خەلق بولۇپ، قىياپىتىدىن جەسۇر-لۇق ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن. ئۇچىسىغا قىش ـ ياز ئوخشاشلا پاختى-لىق كىيىم ياكى تېرە شالۋۇر كىيىۋالىدىكەن. پۇتىغا ئۆزلىرى تىكىۋالغان ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈك كىيىۋالىدىكەن، شەكلى موڭ-غۇللارنىڭكىگە ئوخشاشمايدىكەن، بېشىغا كىيىۋالغىنى بىرخىل ئېگىز ھەم ئۇچلۇق تەلپەك بولۇپ، قىرى قۇلاقلىرىنى يېپىپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دائىم شەھەرگە ئاتلىق كىرىپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالىدىكەن، دۇكانلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندى-مۇ ئاتتىن چۈشمەي، ئېگەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپلا سودا قىلىدى-

www.uyghurkitap.com

كەن. خەنزۇ تىلىنى بىلمىگەچكە، دائىم قولى بىلەن ئىشارەت
قىلىپ، بىر هازا باها تالىشىپ سودىسى پۈتكەندىن كېيىن،
ئاندىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالىدىكەن. قازاقلارنىڭ خوتۇن-
لىرىمۇ دائىم ئەرلىرىگە ئەگىشىپ شەهەرگە كىرىدىكەن، كۆپىن-
چىسى قارا رەڭلىك ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدى-
كەن. بېشىغا ئۇزۇن ئاق ياغلىق، يەنە رومال ئارتىۋالىدىكەن.
ئۇرۇمچى شەهىرىدە خەنزۇلارمۇ كۆپ ئىكەن، سەددىچىنىنىڭ
جەنۇبىدىكى هەرقايسى چوڭ شەهەرلەردىكى خەنزۇلارغا ئوخشاش
ئوخشاشمىغان جايلاردىن كەلگەنلىكى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ
تۇرىدىكەن، شۇنداقلا ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ جايدا
ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئاهالىلەر بىلەنمۇ روشەن پەرقلىنىدى-
كەن. بىراق، ئۇلار يەنىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۆرپ - ئادى-
تىنى ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ.
يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى ئۆلكە باشلىقى
ياڭ ① هۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە، شىنجاڭ سىرتقى دۇنيادىن
پۈتۈنلەي ئايرىلىپ تۇرغانىكەن. ئۆلكە باشلىقى ياڭ ئىشىكنى
تاقاش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، ئۇنىڭ تەقىبى ئاستىدا
كىشىلەر سىرتقى دۇنيادىن بىخەۋەر يۈرگەنىكەن. هۆكۈمەتنىڭ
گېزىتىدىن باشقا، هەرقانداق گېزىتنىڭ چىقىرىلىشىغا يول قو-
يۇلمىغان، پوچتا ئىدارىسى، سىملىق تېلېگراف ئىدارىسى ۋە
سىمسىز تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ هەممىسىگە ئۇ ئەۋەتكەن ئادەم-
لەر نازارەتچىلىك قىلىدىكەن، شۇڭا سىرتتىن هەر قانداق خەۋەر-
لەر كىرەلمەيدىكەن، هەتتا مەيخانا، قاۋاقخانىلارغىمۇ «سىياسىي
توغرىسىدا پاراڭلىشىشقا بولمايدۇ» دېگەن ئۇقتۇرۇش چاپلانغان-
كەن. ۋەهالەنكى، هازىر ئىشىكنى تاقاش سىياسىتىنى يۈرگۈز-
گەن بۇ ئۆلكە باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسىدىن قېلىشىغا ئەگىشىپ،
شىنجاڭ ئاللىقاچان يېڭى قىياپەتكە كىرىپتۇ.

① مىنگو هۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تۇنجى هۆكۈمرانى ياڭ زېڭشىن (1863 — 1928)
نى كۆرسىتىدۇ. ياڭ زېڭشىن 1928 - يىلى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغان
ئەمەس.

# ئۈچىنچى باب

## چۆچەك سەپىرى

### 1. سانجى يولىدا

ئۈرۈمچىدە تۇرغان ۋاقتىمىزدا، كۆڭلىرىمىزنى ناھايىتى خۇشال ـ خۇرام كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق. بىز ھازىر نەق شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تۇرۇۋاتاتتۇق. شۇنداقتىمۇ ھەمراھلىرىمىزدىن بەزىلەر يەنە چۆچەككىچە بارمىساق تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ دېيىشىپ، ئىسسىقتا قارىماي چۆچەككىچە بېرىپ، شىنجاڭنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ سەپەرنى ئاخىرغىچە تاماملاشنى ئېيتتى.

ھەممىمىز ساياھەتكە قىزغىن ئىشتىياقىمىز بارلاردىن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سودا ئىشى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋەرسەكمۇ قىلىدىغان ھېچ ئىش يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا قايتا كېلىشكە پۇرسەت بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىمۇ نامەلۇم ئىدى. شۇڭا، بىز يەنە مېڭىش قارارىغا كەلدۇق.

بىز شىڭشىشيادىن ئۆتكەندىن تارتىپ ئۈرۈمچىگە كەلگۈچە تەخمىنەن 2000 ~ 3000 چاقىرىم يول باسقاندۇق. ھازىر ئۈرۈمچىدىن چۆچەككە بېرىش ئۈچۈن يەنە 2000 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. چۆچەك — جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ ئاخىرقى چوڭ شەھەر بولۇپ، دەل

شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىغا جاي-
لاشقانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىن چۆچەككە رۇسىيىنىڭ
بىر خىل تۆت چاقلىق ئات هارۋىلىرى (پوۋېسكا —
تەرجىماندىن) قاتنايدىغان بولۇپ، ئۇ بىرنىڭ قىچىر قوشۇلغان
هارۋىلارغا قارىغاندا هەم تېز ماڭىدىكەن، هەم ئازادە ئىكەن.
شۇڭا، بىز مۇشۇنىڭدا مېڭىپ بېقىش قارارىغا كەلدۇق. ئەلۋەت-
تە، ماشىنىدا ماڭساقمۇ بولاتتى. ئەمما، بىزدەك ساياهەتنى
مەقسەت قىلغانلارغا نىسبەتەن ئۇ ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. هار-
ۋىدا ماڭساق يول بويىدىكى مەنزىرىلەردىن قانغۇچە هوزۇرلىنا-
لايتتۇق.

بىرنىڭ ئەمدى ياللىۋالغان هارۋىكەشىمىز يەرلىك كىشى
ئىدى، ئۇنىڭ بىر تۆگە كارۋىنىدا نۇرغۇن دوستلىرى بولۇپ،
ئۇ شۇلار بىللە مېڭىشنى ئويلىغانىكەن. شۇڭا، ئۇ بىز
يولغا چىقىشنى بېكىتكەن كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى هارۋىنىڭ
بىر پاي چاقىنى قەستەنگە چىقىرىۋېتىپ، چاق بۇزۇلۇپ قاپتۇ،
بۇنى ياساشقا بىرنەچچە كۈن كېتىدۇ دەپ كېيىنرەك يولغا چى-
قىشنى ئېيتتى. بىز ئۇنىڭ غەرەزىنى بىلىۋېلىپ هەم سەپەرنىڭ
ئامان - ئېسەن بولۇشىنى كۆزلەپ، ئۇنى دېگەن ۋاقىتتا يولغا
چىقىشقا قىستىمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئامالسىز يولغا چىقىشقا
مەجبۇر بولدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۈرۈمچىدىنىڭ ئوڭغۇل -
دوڭغۇل يوللىرىدىن ئۆتكۈچە بىز ئۇن - تىنسىز ماڭدۇق.

بىز ئولتۇرغان بۇ تۆت چاقلىق هارۋا تۈز يولدا سائىتىگە
20 چاقىرىم ماڭالايدىكەن. شۇڭا، مۇشۇ بويىچە هېسابلىغاندا
ئۈچ هەپتىدىلا چۆچەككە يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. ئۈرۈمچىدىن
چىققاندىن كېيىن يول بارا - بارا ياخشىلىنىشقا باشلىدى، لەرزان
قوڭغۇراق ئاۋازى هەم ئاتنىڭ يېنىك پۇشقۇرۇشلىرى كىشىگە بىر
خىل ئارامبەخش تۇيغۇ بېرەتتى، يەنە كېلىپ يول بويىدىكى
ئۆتەڭلەرنىڭ هەممىسىدىلا كىچىك دۇكانلار بولغاچقا، چاي ۋە
يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالغىلى بولاتتى.

يول بويى سودا ھارۋىلىرى ناھايىتى كۆپ ئۆتتى، ئۈرۈمچىگە ماڭغان، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىلىدىن كەلگەن مال بېسىلغان ھارۋىلار كۆزىمىزگە پات - پات چېلىقىپ قالاتتى. ماللارنىڭ ئارىسىدا تۈرلۈك سانائەت بۇيۇملىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يەنە سەرەڭگە، كەمپۈت، كۆن - خۇرۇم دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى.

تۈنجى ئاخشىمى سانجىدا قوندۇق، يېتىپ بارغان ۋاقتىمىزدا تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەن بولسىمۇ، سارايلارنىڭ ھەممىسىگە ئا- دەم توشۇپ كەتكەنىكەن. سەينالىرىغىمۇ ئاشلىق، پاختا ھەم قوغۇن - تاۋۇز بېسىلغان ھەرخىل ھارۋىلار تىقىلىپ كېتىپتۇ. ھارۋىكەشلەرنىڭ ھەممىسى ھارۋىلىرىنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ. ئۇلاغ- لار لاپاسىنىڭ ئاستىغا باغلاپ قويۇلغانلىقتىن، بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ توختىماي ھاڭرىشىۋاتاتتى. بىكار ئۆي چىقمىغانلىق- تىن، بىز ھارۋىدا تۈنەشكە مەجبۇر بولدۇق.

تاڭ تېخى يورۇماستىنلا ھويلىنىڭ ئىچى پاتىپاراقچىلىققا چۆمدى. ھارۋىكەشلەر بەس - بەستە ئۇلاغلىرىغا يەم - بوغۇز، سۇ بېرىپ، ئاندىن سارايۋەن بىلەن ھېسابات قىلىشىۋاتاتتى، بەزىلىرى ھەتتا بىر ھازاغىچە ۋارقىرىشىپ تالىشىپ كېتەتتى. ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئاندىن سارايۋەن ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرى- نىڭ يوغان دەرۋازىدىن چىقىشىغا يول قوياتتى. ئۇيقۇسىز قالغان بولساقمۇ يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. قورسىقىمىز ناھايىتى ئېچىپ كەتكەچكە، بىر ئۇيغۇر ئايالدىن سۈت ئېلىپ، ناشتا ئورنىدا شۇنى ئىچتۇق. ھەربىرىمىز بىر چىنىدىن ئىچكەندىن كېيىن، ئاندىن يولغا چىقتۇق.

## 2. سازلىق رايون

ئەمدى بىز داڭقى چىققان «سازلىق رايون» غا كىردۇق. ھارۋا سائىتىگە 80~90 چاقىرىم تېزلىك بىلەن مېڭىپ، چۈش

www.uyghurkitap.com

بولغاندا قۇتۇبغا يېتىپ كەلدى. ئەتراپتىكى يەرلەر ئىنتايىن مۇنبەت بولۇپ، كۆممىقوناق، چۈجگۈن ۋە شال كۆپ ئىكەن. تەگرىتاغ تىزمىسى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ، بىر ئېسىل مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىكەن.

بىز بىر سارايغا چۈشتۇق. ئوبدانراق ئۆيلەردە سارايۋەن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئولتۇرىدىكەن، تەلىيىمىزگە ئۇلار بىزگە ئازادە ھەم پاكىز بىر ئۆينى بوشىتىپ بەردى. ئۆينىڭ ئارقىسى چوڭ ھويلا، ئارقا ئىشىكتىن چىقسىلا كەڭ كەتكەن دالا ئىدى. سارايىنىڭ يېنىدا بىر دەريا بولۇپ، بىز ئۇنىڭ بويىغا بېرىپ بىر ئاز سالقىنىدۇق. دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدا بىر كەنت بار ئىكەن. ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقا ئىشىكى بولۇپ، بۇ ئىشىكلەر بىلەن دەريا بويىغا بارغىلى بولىدىكەن. سۇ بويىدا ئولتۇرغان مۇسۇلمان خوتۇن - قىزلار سايىداپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار ئۇچىسىغا رەڭگى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيگەن، بېشىغا ئاق لېچەك سالغان بولۇپ، توت ئەتراپتىكى يېشىللىق بىلەن قوشۇلۇپ گۈزەل بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى.

مۇسۇلمان ئاياللار ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە چىرايلىق ئىكەن. لېكىن، بەزى ئەرلەر ئىنتايىن تۇتۇرۇقسىز بولۇپ، بەزىدە ھەتتا يوقىلاڭ ئىشلارغا ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋېتىپ باشقا خوتۇن ئالىدىكەن. بىزنىڭ سارايدىلا مۇشۇنداق تاشلىۋېتىلگەن ئايالدىن بىرى بار ئىكەن. ئەرلەر ھەققىدە گەپ بولسىلا، ئۇ «ئەرلەر ئادەم ئەمەس، ھايۋان» دەپ قاقشايتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەرلەرگە بولغان نەپرىتىنى بىلگىلى بولاتتى.

## 3. ماناس ۋە ماناس دەرياسى

كەچتە ماناسقا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ غەربىي شىمالدىكى قايناق بازارلارنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا دېھقانچىلىق رايونى ئىكەن. تولى — ئۇرۇمچىنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ مۇنبەت ھەم سۇيى مول

تېرىقچىلىق رايونى بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر دېھقانچىلىققا تايىنىپ دىگۇدەك جان باقىدىكەن. گۈرۈچ، بوغداي، قوناق، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن، بولۇپمۇ ئۈزۈم بىلەن ئالما ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بازىرىنى ئاساسەن مۇشۇ يەر تەمىنلەيدىكەن. بۇ يەردىكىدەك چوڭ ھەم تاتلىق ئۈزۈمنى بىز زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. بىز خېلى كۆپ ئۈزۈم سېتىۋېلىپ، يول بويى يەپ ماڭدۇق، ئەمما تۈگىتەلمىدۇق.

ماناستىن چىقسىلا ماناس دەرياسى بولۇپ، بۇ شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ مۇھىم دەريا ئىكەن.

ماناس دەرياسى تەڭرىتاغدىن باشلىنىدىغان بولۇپ، ئاخىر قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدىكەن. قار ـ مۇزلار ئېرىگەن چاغلاردا دەريا دولقۇنلىنىپ ئاقىدىغان بولۇپ، ئادەملەر ئۆتەلمەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ بىز ھەيۋەتلىك دولقۇننىڭ خەتىرىگە ئۇچرىماي، ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتتۇق.

## 4. يېشىلسۇ يولىدىكى ئىشلار

ئالدىمىزدىكى ئىككىنچى ئۆتەڭ يېشىلسۇ (绿水) ئىدى. بۇ جاي بىر خىل ئېگىز ئوت بۇلۇق ئۆسىدىغان جاي ئىكەن. يايلىقى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، قىشتا موڭغۇللار سوغۇقتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن كېلىپ، كىگىز ئۆيلىرىنى تىكىپ ماللىرىنى باقىدىكەن.

بىزنىڭ ھارۋىكەشىمىز تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم بولسىمۇ، لېكىن يول بويى بىز بىلەن تولىمۇ چىقىشىپ ئۆتتى. بىز ئۇنىڭغا ئۈزۈم، نان دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرىپ تۇردۇق. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتەتتى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاچقا، يولدا بەلگىلىك ۋاقىتتا توختاپ ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ دائىم يولدىن بىر نەرسىلەرنى تېرىۋالاتتى. مەيلى نېمىلا نەرسىنى تېپىۋالمىسۇن، ھارۋىنىڭ چوققا ياغىچىغا ئېسىپ قويغان خالتىسىغا تاشلا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يتتى. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز بىر چىغ قالپاق تېپىۋېلىپ خۇش بولۇپ كەتتى، ھەتتا تاۋۇزدىن بىرنى ئېلىپ بىزگە پىچىپ بەردى. يول بويى خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلمايلا قالدى. دەسلەپ چىغ قالپاقنى بېشىغا كىيىۋالدى. كېيىن كىيىشكىمۇ قىيماي هارۋىنىڭ چوققا ياغىچىغا كىيدۈرۈپ قويدى. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن پېشكەللىك كېلىپ چىقتى. بىز بىر كىچىك دۆكاننىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋاتقان چېغىمىزدا، مۆتىۋەر سۈپەت بىر كىشى ھارۋىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ چىغ قالپاقنى كۆرۈپ قېلىپ بىردەم ئىنچىكىلەپ سەپسالدى ـ دە، چاكىرىنى چاقىرىپ ھېلىقى قالپاقنى ئالدۇردى، ئەسلى ئۇ بۇ چىغ قالپاقنى يولدا چۈشۈرۈپ قويغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە تونۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن هارۋىكەشنىڭ روھى چۈشۈپلا كەتتى. ئەمما، قايتۇرۇپ بەرمەي ئىلاجى يوق ئىدى. ئۇ يول بويى سالپىيىپلا ماڭدى، شۇنداقتىمۇ يولدىن پەقەت كۆزىنى ئۈزمىدى. كېتىۋېتىپ مال باسقان بىر هارۋا يانداپ ئۆتۈۋېدى، ئۇنىڭدىن بىر دانە تارغاق چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئالمان ـ تالمان ئۇنى ئېلىپ خالتىغا تىقىۋەتتى ـ دە، شۇندىلا چىرايى ئېچىلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

چۆچەككە بارغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ يەنە بىر چەينىكىمىزنى خاتىرە ئۈچۈن سوراپ ئېلىپ قالدى ۋە بىز بىلەن خۇشال خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

## 5. مۇھىم بازار — قاراسۇ

ئاستا ـ ئاستا ئالدىمىزدا قاراسۇ (شىخو) كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ بىر مۇھىم بازار بولۇپ، ئىلىدىن چۆچەككە بارىدىغان يولنىڭ تۈگۈنى ئىكەن. تۆت ئەتراپى كەڭرى كەتكەن مۇنبەت يەرلەر ئىكەن.

شەھەرنىڭ مەركىزىدە دېھقان بازىرى بولۇپ، ئاشلىق سود-

سى تازا جانلانغانىكەن، كوچىلاردا يەنە مىلىچمالچىلارنىڭ يايمى-
لىرى، كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋە يايمىلىرىمۇ بار ئىكەن. دۇكان-
لاردا چېلەك، ئۇن، لۆڭگە، سوپۇن، تاماكا قاتارلىق نەرسىلەر
سېتىلىدىكەن. ئۇلاردىن باشقا، سەكسەن خالتىلار ئىنتايىن كۆپ
بولۇپ، رەۋەن، قاقىلە، چۇچۇكبۇيا، ئارپابەدىيان، قەلەمپۇر
قاتارلىق دورا ئۆسۇملۇكلىرىنى ساتىدىكەن. دەڭ - سارايلارغا
ئىلىغا بارىدىغان تۆگە كارۋانلىرى ياكى سىبىرىيىدىن كەلگەن
سودىگەرلەر توشۇپ كەتكەنىكەن.

ئاڭلىشىمىزچە، بۇ مۇنبەت يۇرتتىن چىققاندىن كېيىن،
ناھايىتى كەڭ كەتكەن، گىياھ ئۇنمەيدىغان جايدىن ئۆتۇشكە توغرا
كېلىدىغان بولۇپ، كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى تاپقىلى بولماي-
دىكەن، شۇڭا بىز خېلى كۆپ سەۋزە، تاۋۇز سېتىۋالدۇق، يەنە
بىر ئۇزۇمچىدىن يېڭى ئۇزۇلگەن بىر سېۋەت ئۇزۇم ئالدۇق. بۇ
ئۇزۇمنى بىرقانچە كۈن يېدۇق.

## 6. كۇيتۇن دەرياسىدا يۇيۇنۇش

بىز ماڭغان بۇ 70 ~ 80 چاقىرىملىق ئۇزۇن يولنىڭ
ئاخىرقى بۆلىكى يۇلغۇن ۋە چاتقاللار ئۆسۇپ كەتكەن جەزىرە
بولۇپ، يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا كۇيتۇن دەرياسىنىڭ بېشىغا
بارغىلى بولىدىكەن. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا كەنتلەر بار
ئىكەن، بىز ئۇ يەردە بىر كېچىنى ئۆتكۇزدۇق.

كۇيتۇن دەرياسى كەڭ ھەم تېز ئاقىدىغان دەريا بولۇپ،
دەرياغا پۇختا ھەم چىرايلىق بىر كۆۋرۇك سېلىنىغانىكەن، قاراڭ-
غۇ چۇشۇشكە باشلىغاندا، بىز سۇزۇك سۇدا كىيىم - كېچەكلى-
رىمىزنى يۇيدۇق، ئۆزىمىزمۇ يـۇيـۇنـۇپ ئىـنتـايىـن راھەت-
لەندۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

## 7. جەزىرىدىكى ساھىبجامال ۋە ئىككى سەرگەردان بوۋاي

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە ھارۋىكەش بىزنى يولغا چىقىشقا ئالدىراتتى. شۇنىڭ بىلەن، 60 ~ 70 چاقىرىم يولنى بىراقلا مېڭىپ تۈگىتىۋەتتۇق. بىر يېگانە كەپىگە كەلگەندە ھارۋىدىن چۈشۈپ، قايناق سۇ ۋە ئۈششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر بىلەن غىزالانغاچ، بىر ئاز ئارام ئالدۇق.

كەپىدە بىر چىرايلىق ئۇيغۇر ئايال ئىككى قىزى بىلەن تۇرىدىكەن. ئۇلار قىزىل رومال ئارتىۋالغان بولۇپ، كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلاتتى، بۇ يەردە پەقەت بىرلا قۇدۇق بولۇپ، سۈيى تولىمۇ ئاز ئىكەن.

چۈشتىن كېيىن تەخمىنەن 60 ~ 70 چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن خەنشاتەن (寒沙潭) گە يېتىپ كەلدۇق. ئەمدىكى يول ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن خېلى ياخشى يول ئىكەن. ھازىر بىز يولۇچىلار دائىم بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرايدىغان جايغا كېلىپ قالغاندۇق. چۈنكى، ئادەمسىز چۆل ـ جەزىرە مۇشۇ جايدا ئاخىرلىشىدىغان بولۇپ، ئىلگىرى بۇ جايدا قاراقچىلار گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقاپ تۇراتتىكەن. لېكىن، ھازىر بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان بىر ئەترەت ژاندارما يولۇچىلارنى قوغدايدىكەن ھەم ئاتلىق چارلىغۇچىلار چوڭ يولنى چارلاپ تۇرىدىكەن.

بىز بۇ ئادەمزاتتىن ئەسەر بولمىغان جايدا بىر كېچە تۈنەپ، ئىككى بوۋاينى ئۇچرىتىپ قالدۇق. ئۇلار ئاكا ـ ئىنى ئىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار 14 ~ 16 ياش چېغىدا شىئەندىن قېچىپ چىقىپ، سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ئاخىر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغانىكەن. ئۇلارغا ھازىرغا قەدەر يۇرتىغا قايتىپ باقماپتۇ. يۇرتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن.

ئۇلار هازىر 70 ياشتىن ئېشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر خۇش بولىدىغىنى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن كەلگەن يولۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىش ئىكەن. ئۇلار شىئەنىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

## 8. كۆمۈلۈپ قالغان ماھىر قىزىقچى

بۇ قاقاس جايدا يەنە بىر غەلىتە كىشى بار ئىكەن. ئۇ بېشىغا قارا تېرىدىن تىكىلگەن، يۈڭلىرى پاخپىيىپ تۇرىدىغان كازاكچە تۇماق كىيىۋالغان بولۇپ، كۆزلىرى كۇلۇپلا تۇراتتى. دەسلەپ ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىغانىدى. كېيىن توساتتىن ئىتلارنىڭ تالاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. يۇگۇرۇپ بېرىپ قارىساق، نەدىمۇ ئىت بولسۇن، ئەسلى ھېلىقى كىشى ئىتلارنىڭ تالاشقىنىنى دوراۋاتقانىكەن. بىر ئازدىن كېيىن يەنە قوي ـ قوزىلارنىڭ توختىماي مەرەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن تۇيۇقسىز يەنە ناخشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئېيتىلىۋاتقىنى قوپال رۇس ناخشىسى ئىدى. كېيىن يەنە بىر پەس ئۆي قۇشلىرىنىڭ سايراشلىرى ئاڭلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ غەلىتە كىشىنىڭ قىزىقچىلىقى ئىكەن.

كېيىن ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئەسلى شەندۇڭلۇق دېھقان بولۇپ، داڭلىق بىر قىزىقچىغا ئەگىشىپ ماھارەت ئۆگەنگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۇستازى ئۇنىڭغا ھەرخىل ئاۋازلارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە دوراش ماھارىتىنى ئۆگەتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىمۇ ئىنتايىن دورامچى بولغانلىقتىن، ماھارەتنى ئىنتايىن ياخشى ئىگىلىگەنىكەن. ئۇ رۇسچىنى ئۇقمىسىمۇ، ئېيتقان ھېلىقى ناخشىسى بەئەينى پاتېفوندا قويۇلغان ناخشىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قالتىس تالانتلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 9. مایاتۇغا بېرىش يولىدا

ئەتىسى 100 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق مېڭىشنى پىلانلىدۇق. لېكىن، يولغا چىقىپ ئالتە سائەت ماڭغاندىن كېيىن هېرىپ قالدۇق. دەل شۇ چاغدا يول ياقىسىدا بىر كىگىز ئۆي كۆرۈندى، كىگىز ئۆينىڭ ئارقىسىدا ئۈچ تۆگە يايلاپ يۈرەتتى، ئالدىدا بىر ئايال ئاپتاپسىنىپ ئولتۇراتتى. تۇرقى ۋە رەڭگىرويىدىن قازاق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا گۈللۈك رەختتىن تىكىلگەن، ئوشۇقىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كۆڭلەك، ئۈستىگە يەنە بىر قىسقا كۆڭلەك كىيىۋالغان، بېلىگە تاسما باغلىۋالغان، بېشىنى رۇس ئاياللىرىدەك رومال بىلەن ئورىۋالغانىدى. بۇ قازاق خوتۇننى دائىم ئارتىدىغان نەرسە ئىدى.

هارۋىكەش ئاۋۋال بېرىپ مۇددىئايىمىزنى بىلدۈردى. بىز كىگىز ئۆينىڭ سىرتىدىلا ئولتۇردۇق، ئۇ بىر دۆۋە قۇرۇتۇلغان كالا تېزىكىنى (بۇ نەرسە قازاقلارنىڭ ئۆيىدە دائىم دېگۈدەك تەييار تۇرىدىكەن) بىر ئورەككە تاشلاپ قالاپ، ئۈستىگە ئۈچ تال تۆمۈرنى سانجىپ ئۇنىڭغا بىر تۆمۈر ئىلمەكنى، ئىلمەككە چۆگۈننى ئېسىپ، بىردەمدىلا چاي قاينىتىپ تەييار قىلدى.

بىز چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنى كىگىز ئۆيگە كىرىپ ئېرى بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئېرى خۇنەنلىك بولۇپ، يانپاشلاپ يېتىپ تاماكا چېكىۋاتقانىكەن. ئۇ بىزنى كۆرۈپ، چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىردەم مۇڭداشتۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يۇرتىدىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قېچىپ چىققانىكەن، ئەمما، نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى دېمىدى. ئۇ شۇ قاچقانچە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ قازاقلار بىلەن بىرگە ياشاپ، ئاخىر بۇ قازاق خوتۇننى ئاپتۇ. هازىر ئىككى بالىلىق بوپتۇ.

بۇ سىرلىق غەربىي شىمال رايونىدا بۇنداق سىرلىق ئادەملەر تولىمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىنى پەقەت ئۇلار ئۆزىلا بىلىدىكەن، شۇنداقلا مەڭگۈ سىر تۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن.

بىز بىرەر سائەتچە ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئالەمنىڭ ئىككى چېتىدىن تۇرۇپ تەقدىرى قوشۇلۇپ قالغان بۇ ئەر - خوتۇنلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتۇق. قاش قارىيىشتىن ئاۋۋال بىر قاقاس كەنتكە يېتىپ كەلدۇق. كەنتتە ئىككىلا ئائىلىلىك ئۇيغۇر بار ئىكەن، كەنتنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز چوققىلار بىلەن ئورد-لىپ تۇرىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ يەر ئەزەلدىن قاراق-چىلارنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ كەلگەنىكەن.

بىز توختىماي مېڭىپ كېچىدە ماياتۇ ( 玛雅图 ) غا يېتىپ كەلدۇق.

## 10. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تايغىنى

بىر كېچە قونۇپ يەنە ماڭدۇق. يول بەك ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ، ئىنتايىن ئوسال ئىدى. بىز هارۋىدىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىپ، بىر قانچە خەتەرلىك جايدىن ئۆتتۇق. كېتىۋېتىپ بىر توپ پىيادىلەرنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يۈز - كۆزلىرى قان، باشلىرى يېرىلغانىدى. ئەسلى ئۇلار بىز ئۆتكەن ھېلى-قى خەتەرلىك جايدا زەخىملەنگەنىكەن.

چۈش بولغاندا، بىزگە قازاقلارنىڭ يەنە بىر كىگىز ئۆيى ئۇچرىدى. بىز ئۇ يەردە بىرئاز ئارام ئالدۇق. ئۆي ئىگىسى بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسى سېتىۋالغانىكەن. ئەپسۇس ئىشلىتىشى-گىلا بۇزۇلۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنى بىر نامرات خەنزۇ-دىن سېتىۋالغانىكەن، ئۇنىڭغا ئالدىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇزۇلغاندىن كېيىن رېمونت قىلالمىغانلىقتىن، كۆڭلى غەش بولۇپ كېتىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئارىمىزدا ھەممىگە قادىر بىر مۇتەخەس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىس بار ئىدى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ھېلىقى بۇزۇق ماشىنىنى ئوڭلاپ بەرمەكچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۆي ئىگىسى قاتلانغان بىر توپ كىگىزنى سىرتقا ئاچىقىپ سېلىپ، ئۇنىڭغا ئورۇندۇق قىلىپ بەردى. ھەيران قالغان بىر توپ چارۋىچى ئۇنىڭ ماشىنىنى رېمونت قىلىشىنى كۆرگىلى ئولاشتى. ئۇ ئۇ يەر، بۇ يېرى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر ماشىنىنى ئوڭلىدى. ئۆي ئىگىسىنىڭ بۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى.

شۇ ئەسنادا بىر ھەمراھىمىز مەقسەتسىزلا كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىۋىدى. تۇيۇقسىز يوغان بىر ئىت ئېتىلىپ چىقىپ، بىر چىشلەپلا ئۇنىڭ ئىشتىنىنى يىرتىۋەتتى. ئۆي ئىگىسى دەرھال بېرىپ ھېلىقى ئىتنى قوغلىۋەتتى. گەرچە ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما خېلى چوڭ زىيان تارتتى. ئەسلى چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىنى يامان، چوڭ ئىتلار باقىدىكەن، ناتونۇش كىشىلەر كېلىپ قالسا، دائىم دېگۈدەك نەس باسىدىكەن. ھازىر بىز تەجرىبىلىك بولۇپ قالغاندۇق. كىگىز ئۆيلەرگە كىرگەندە ناۋادا ئۆي ئىگىسى يول باشلىمىسا، ئارقا تەرىپىدىن كىرىدىغان بولغاندۇق. شۇنداقتىمۇ يەنىلا چوڭ ئىتلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە توغرا كېلىدىكەن. ئۇلار ئەزەلدىن ئۇخلاپ قالمايدىكەن.

## 11. چۆلدە يولدىن ئېزىپ قېلىش

كەچتە دۆربىلجىندە قوندۇق. ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشىگىلا يولغا چىقىپ، 100 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق يولنى بېسىپ، شارخۇلسانغا يېتىپ كەلدۇق.

يولدا بىزگە سىبىرىيىدىن ئۇرۇمچىگە كېتىۋاتقان بىر توپ سودىگەر ئۇچراشتى. يولىمىز پۈتۈنلەي چۆل ۋە قۇملۇق بولغاچ-

قا، يولۇچىلار ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالاتتى. قاش قارايغان چاغدا
كۇرتىغا يېتىپ كەلدۇق. ئاڭلىساق، ئالدىمىزدىكى يېقىنلا يەردە
پاكىز ۋە ئازادە ساراي بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، يەنە ئالدىمىزغا
قاراپ ماڭدۇق. يولدا بىر جىمجىت قۇملۇقنى بېسىپ ئۆتتۇق،
ئىككى تەرىپىمىز پۇتۇنلەي يۇلغۇن ۋە چاتقاللىق بولۇپ، تۇرالغۇ-
نىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ چاغدا هارۋىكەشمۇ
هودۇقۇشقا باشلىغانىدى. ئەتراپ قاراڭغۇ يول بەلگىسىمۇ كۆرۈن-
مەيتتى. ئېنىقكى، بىز يولدىن ئېزىپ قالغانىدۇق.
چۆل ـ جەزىرىدە يول يۇرگەندە، تەجرىبىلىك يولۇچىلارنىڭ
هېچقايسىسى كېچىدە ئوت ياقمايتتى. ئۇلار ئېهتىمال ئات ئوغرى-
لىرىنىڭ كېلىپ ئاتلىرىنى ئوغرىلىۋېلىشىدىن قورقسا كېرەك.
بىز يېرىم كېچىگىچە دوقۇرۇپ يۇرگەن بولساقمۇ، هېچ چۆللۇك-
تىن چىقالمىدۇق. بىر چاغدا تۇيۇقسىزلا پاتقاقلىققا كىرىپ قال-
دۇق. پاتقاقتا كېچىپ يۇرۇپ، قانچە قىلىپمۇ چىقالمىدۇق.
شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز سەپەرنى شۇ يەردە توختاتتۇق. ئاتلارنىڭ
پۇتىنى چېتىۋېتىپ، هەممەيلەن قۇرۇقراق بىر يەرنى تاللاپ
ياتتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇيقۇغا كەتتۇق.

## 12 . ئەڭ ئاخىرقى مەنزىل — چۆچەك

ئەتىسى سازلىقتىن قۇتۇلۇپ، چوڭ يولنى تېپىۋالدۇق. بۇ
چاغدا چۆچەككە ئاز قالغانلىقىمىزنى بىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن،
ئاتلارنى بولۇشىغا قامچىلاپ، تۆت سائەت جىدەللىشىپ يۇرۇپ،
ئاخىر دېگەندە چۆچەككە يېتىپ كەلدۇق. ئاغزىمىزغا بىر چىشلەم
نەرسە سالمىغىلى بىر سوتكا بولغانىدى. شۇڭا، بىز چۆچەككە
كىرىپ بىرىنچى بولۇپ ئاشخانا تېپىپ، ئوبدان غىزالانماقچى
بولدۇق.
چۆچەكنى رۇسلار «كوچەك» دەپ ئاتايدىكەن. يەرلىكلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە «چايكا شەھىرى» دەپمۇ ئاتايدىكەن. چۈنكى، چايكىلار ھەر يىلى مەلۇم ۋاقىتتا شىمالىي قۇتۇپتىن ئەرتىش دەرياسىنى بويلاپ ئۇچۇپ كېلىپ مۇشۇ يەرگە توپلىنىدىكەن. بىز چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىمۇ مۇشۇنداق چايكىلارنى كۆرگەنىدۇق. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل قۇش دەريانى بويلاپ ئۇچۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا چۆچەكتىمۇ كۆپ ئىكەن.

چۆچەك يالغۇز شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن سىبىرىيىگە بارىدىغان ئېغىز بولۇپلا قالماستىن، جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم جاي ئىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ يەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلغان بولۇپ، پاسپورت، سودا ئالاقىسى ۋە باشقا ئىشلارنى بېجىرىدىكەن. شەھەردە يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشقۇرىدىغان تېلېگراف ئىدارىسى، پوچتا ئىدارىسى ۋە ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلار بار ئىكەن.

شەھەردە جۇڭگولۇقلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقلىقلار ئەڭ كۆپ ئىكەن. سودا ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يېقىنقى زاماندىكى مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە خاس كەيپىيات ئەكس ئېتىپ تۇرىدىكەن. غەربىي شىمالدىكى باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاشلا چۆچەكتىمۇ ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار كۆپ ئىكەن.

مۇئەللىپنىڭ چۆچەك ھەققىدىكى بايانلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشماقچى. باشقا ماتېرىياللار سەپەر ۋە ساياھەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغاچقا، ئۇلارنى يېزىپ ئولتۇرۇش ئارتۇقچە. بىزنىڭ شىنجاڭ سەپىرىمىزمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ساياھىتىمىز ئاخىرلاشتى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن شېرىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئەلى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرادىل ئابىت
پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

# ئېكسپېدىتسىيە ۋە بايقاشلار
## يىراق قىرلار

ئاپتورى: تيەنيا يۈزى
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 5.75
2005 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—4000
ISBN 7—228—09531—6
ئومۇمىي باھاسى (ئۈچ قىسىم): 30.00 يۈەن